# مېنىڭ ئۈممىتىم

## (پىداكاردۇر)



2

هارۇن قىرقىل

ئەركام نەشرىياتى

# مينڭ ئۈممتم

## (پداكاردۇر)

## 2

هارۇن قرقل

ئەركام نەشرياتى

ئاپتورى: ھارۇن قىرقىل
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: زەينەپخان
ئالاقىلىشىش ئادرېسى: astane3@gmail.com

# كىرىش سۆز

بىزنى ئاۋال ئىنسان، ئاندىن ئۆزىگە بەندە قىلىپ ياراتقان رەببىمىزگە قانچىلىك شۈكۈر قىلساق ئازدۇر. ئويلاپ بېقىڭ، يارىتىلغان ھەر مەخلۇقات ئىنسان قىلىپ يارىتىلمىغان، يارىتىلغان ھەر ئىنساندىنمۇ بەزىلەر ئىسلامغا ئىشەنمەيدۇ.

«رەببىم ئاللاھ» دېيىش، «پەيغەمبىرىم مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» دېيىش نەقەدەر چوڭ نېمەت-ھە! بۇ نېمەتكە قانداق شۈكۈر قىلىش، بۇ نېمەتنىڭ ھەققىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟

ئاللاھقا تېخىمۇ بەندىچىلىك (ئىبادەت) قىلىش، رەسۇلۇللاھقا لايىق بىر ئۈممەت بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۈممىتى بولغان بىزلەر «ئۈممىتىگە ئەڭ كۆيۈمچان» بىر پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق. ئۇنىڭغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتىش شەرىپىگە نائىل بولغان ساھابە كىراملار رەسۇلۇللاھقا قانداق ئۈممەت بولۇشنىڭ ئۈلگىلىك مىساللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ......

بىزمۇ ئۆمرىمىزنى «پەيغەمبىرىگە ئەڭ ئامراق ئۈممەت» بولۇپ ياشىشىمىز ۋە بىزدىن كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىزغا ياخشى ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پۈتكۈل ئۆمرىدە ئۈممىتىنىڭ دەردى ئۈچۈن قايغۇرغان بولسا، بىزمۇ كۆڭۈل ئىشتىياقىمىز بىلەن ئۇنىڭغا لايىق ئۈممەت بولۇشنىڭ كۇيىدا يۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، نىجادلىققا ئېرىشەلىشىمىز پەقەت بۇ يولدا مۇمكىن. قىيامەت كۈنىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك پەيتىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا لايىق بىر ئۈممەت بولۇشىمىز لازىم.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ماڭا يېقىندىن ياردەم قىلغان، قىممەتلىك تەنقىدى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەرگەن ھۆرمەتلىك ئىدرىس توپچۇئوغلى، ھۈسەيىن كىچىك ۋە دوكتور فارۇق كانگەر قاتارلىق دوستلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ھارۇن قىرقىل

# مۇندەرىجە


**مېنىڭ ئۈممىتىم: ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ ........ 7**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: چوڭقۇر سۆيگۈ ........ 8
بېشىمنىڭ تاجى: ئانىغا مۇھەببەت مۇنداق بولىدۇ ........ 10
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئانىنىڭ دۇئاسى ........ 13
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئىككى قېرىنداش ........ 15
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 17

**مېنىڭ ئۈممىتىم: ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ ........ 19**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئاللاھقا شىكايەت ........ 20
بېشىمنىڭ تاجى: ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرغىن ........ 22
كۆڭلۈمدىكى ئىز: بىر سۇلتاننىڭ تۇققانلىرى ........ 24
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئىلاھىي ئۆلچەم ........ 27
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 29

**مېنىڭ ئۈممىتىم: كىچىكلەرگە شەپقەت، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ ........ 31**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئاۋال چوڭلار سۆزلىسۇن ........ 32
بېشىمنىڭ تاجى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ........ 34
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئەۋلىيانىڭ شەپقىتى ........ 36
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئالىمغا ھۆرمەت ........ 38
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 40

**مېنىڭ ئۈممىتىم: ئەپۇچاندۇر ........ 41**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئەڭ قىيىن كۈن ........ 42
بېشىمنىڭ تاجى: ئاللاھمۇ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇنمۇ؟ ........ 45
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئەۋلىيانىڭ شەپقىتى ........ 48
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئەپۇ قىلماسلىقنىمۇ بىلىش لازىم ........ 50
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 52

**مېنىڭ ئۈممىتىم: كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ........ 53**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ياردەم قىلىشقا تىرىشقىن ........ 54
بېشىمنىڭ تاجى: بىر تۇققاننىڭ قەرزى ........ 57
كۆڭلۈمدىكى ئىز: كۆڭۈلدىكى كەبە ........ 59
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: بىر تاغار پېدىگەن ........ 61
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 63





**مېنىڭ ئۈممىتىم: پىداكاردۇر** ........ **65**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: كىمكى پىخسىقلىق قىلمىسا ........ 66
بېشىمنىڭ تاجى: ئاللاھ ماختىغان ئائىلە ........ 68
كۆڭلۈمدىكى ئىز: سۇلتانلىقنى پىدا قىلىش ........ 70
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئاخىرقى بىر لوقما ........ 73
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 74

**مېنىڭ ئۈممىتىم: ئىشچاندۇر** ........ **75**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: تىلەمچى بولما، ئوتۇنچى بول! ........ 76
بېشىمنىڭ تاجى: تىلەمچىلىك دېغى ........ 78
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ھۈنەرۋەن شاھلار ........ 80
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئۆگزىدە نېمە ئىشىڭ بار؟ ........ 83
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 85

**مېنىڭ ئۈممىتىم: راستچىل، ئىشەنچلىكتۇر** ........ **87**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: سەن كىمنى ئالداۋاتىسەن؟ ........ 88
بېشىمنىڭ تاجى: بۇ بىر ئىمتىھان ئىدى ........ 90
كۆڭلۈمدىكى ئىز: تولۇق قايتىپ كەلگەن تەڭگىلەر ........ 94
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا ........ 97
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 99

**مېنىڭ ئۈممىتىم: ئىپپەتلىك، ھايالىقتۇر** ........ **101**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: قايتۇرىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ........ 102
بېشىمنىڭ تاجى: ھايا ئىماندىندۇر ........ 104
كۆڭلۈمدىكى ئىز: چوغدەك يۈرەك ........ 106
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئىپپەت-نومۇس ۋە ئىستىقلالنى قوغداش كۈرىشى ........ 109
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 111

**مېنىڭ ئۈممىتىم: ئىلىمگە ۋە ئالىملارغا ھۆرمەت قىلىدۇ** ........ **113**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: بىلگەنلەر ۋە بىلمىگەنلەر ........ 114
بېشىمنىڭ تاجى: جەننەت يولى ........ 116
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئالىملارنىڭ سۇلتانى ........ 119
ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟ ........ 123
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ........ 127



«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالالىلىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.» (ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

مېنىڭ ئۈممىتىم

# ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## چوڭقۇر سۆيگۈ

بىر مۇسۇلمان كىشى ھاياتىدا ئەڭ ھۆرمەتلەپ قەدىرلەيدىغان ئىنسانلارنىڭ بىرسى ئاتا-ئانىسىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام، ھاۋا ئانىمىز ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاتا، بىر ئانىدىن يارىتىلغان. ئاللاھتائالا ئىنسانلارنى ئاتا-ئانا ۋاستىسى ئارقىلىق ياراتقان. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھتائالا ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنى بۇيرىغان. قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.“ (نىسا سۈرىسى 36-ئايەت)

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزدىن مۇنداق سورىدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ئىش نېمە؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش.

ئىبنى مەسئۇد: ”ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى ئىش؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز: ”ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش“ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى مەسئۇد يەنە ”ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟“ دەپ سورىشى بىلەن پەيغەمبىرىمىز: ”ئاللاھ يولىدا

جىهاد قىلىش!" دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى، "ئەدەب"، 1)



بېشىمنىڭ تاجى

## ئانىغا مۇھەببەت مۇنداق بولىدۇ

ۋەيسەل قارانى ھەزرەتلىرىنىڭ ئانىسىغا بولغان سۆيگۈسىنى ئاڭلىمىغان ۋە بىلمىگەنلەر ئاراڭلاردا يوق بولۇشى مۇمكىن. ۋەيسەل قارانىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئەسىرلەردىن بېرى تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

ۋەيسەل قارانى گەرچە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ساھابە كىراملاردىن بولالمىغان بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە تەرىپلىگۈسىز چەكسىز سۆيگۈ-مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلغىلى بېرىش ئۈچۈن ئانىسىغا نەچچە كۈن يالۋۇرۇپ رۇخسەت بېرىلىڭ دەيدۇ. ياشىنىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ بۇ بىر ئوغلىدىن باشقا ھېچكىمى بولمىغاچقا، ئوغلىنىڭ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئوغلى كەتسە سەبىر قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ رۇخسەت بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. كۈنلەر، ئايلار مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئانىسى ئوغلىغا قاراپ پەيغەمبەرنىڭ ئوتىدا كۆيگەن ئوغلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە غەمكىنلىشىپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئانىنىڭ يۈرىكى بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟! ئاخىرى ئامالسىز ئوغلىغا بىر شەرت بىلەن رۇخسەت قىلىدۇ،

مەدىنىدە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدۇ، رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپلا دەرھال قايتىپ كېلىسەن.

ئۇ كۈنى يەمەندىن بىر كۆڭۈل قاناتلىنىپ ئۇچۇپ مەدىنىگە كېلىدۇ. تومۇز ئىسسىقتا قىزىپ كەتكەن چۆلنىڭ كۈندۈزدىكى ھارارىتى، كېچىدىكى سوغۇقى ئۇنىڭ پىيادە سەپىرىنى توسالمايدۇ. ۋەيسەل قارانى ھەزرەتلىرى نەچچە كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە (نۇرلۇق مەدىنىگە) يېتىپ كېلىدۇ. قاتتىق



هاياجان بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك ئۆيىگە باردۇ. لېكىن پەيغەمبىرىمىز ئۇ چاغدا ئۆيىدە ئەمەس ئىدى. ئۆيدە تۇرغان ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

سۆيگەن كىشىسىنى دۇنيادا كۆزى بىلەن كۆرۈش نېسىپ بولمىغان دەرتمەن ئاشىق ئامالسىز يەمەنگە قايتىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى يىغلاپ تۇرۇپ ساقلاۋاتقان ئانىسىغا شۇنداق ۋەدە قىلغانىتى، مەدىنىدە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتىپ كېتىشى كېرەكتى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا چىن يۈرەكتىن چىققان چوڭقۇر سالىمىنى قالدۇرۇپ كەتتى. كۆزى ياش ھالدا يەمەن يولىدا ماڭدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا سورىدى:

ـ باياتتىن بۇ يەرگە بىرەيلەن كەلدىمۇ؟

ۋەيسەل قارانى گەرچە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇنى بىلەتتى. ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق سالامىنى يەتكۈزدى.

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ۋەيسەل قارانىغا ئۆزىنىڭ تونىنى ئەۋەتكەچ مۇنداق تاپىلىدى:

ـ بۇ تونىنى كىيسۇن ۋە ئۈممىتىمگە دۇئا قىلسۇن! (مۇسلىم، «فەدائىلۇس ـ ساھابە»، 223 ـ 225)

## كۆڭۈلۈمدىكى ئىز

# ئانىنىڭ دۇئاسى

بۈيۈك زاتلاردىن بەيازىدى بەستامى ھەزرەتلىرى بىر كۈنى قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا بىر ئايەت ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. كېيىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە باردى. باشقا چاغدىكىگە قارىغاندا بۈگۈن ئۆيگە بالدۇر قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانىسى ھەيران بولۇپ سورىدى:



- بالام، بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق بالدۇر قايتىپ كەلدىڭ؟

- قۇرئانى-كەرىم ئوقۇۋاتقىنىمدا، قارىسام، رەببىم مېنىڭ ھەم ئۆزىگە ھەم ساڭا خىزمەت قىلىشىمنى

بۇيرۇپتۇ. مەن شۇڭا ساڭا خىزمەت قىلاي دەپ قايتىپ كەلدىم. جېنىم ئانا، ماڭا دۇئا قىلغىن. ھەم ساڭا ھەم رەببىمگە خىزمەت قىلاي.

ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولدۇ-دە، مۇنداق دەيدۇ:

- بالام، مەن سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. ئۆزەڭنى پەقەتلا بىر ئاللاھنىڭ خىزمىتىگە ئاتىغىن، مەندىن ئەنسىرىمىگىن.

گەرچە ئانىسى شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، بەيازىد بەستامى رەببىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئانىسىغا خىزمەت قىلىشتا قىلچە پاسسىپلىق قىلمىدى. چۈنكى ئاللاھ بۇ ئىككى ئىشنى تەڭپۇڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان.

بىر كۈنى بەيازىد بەستامى كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى تىترەك ئاۋازدا:

- ئوغلۇم بەيازىد، سۇ ئەكىلىپ بەر، ئۇسسىدىم! - دەيدۇ.

بەيازىد بەستامى جەينامازدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ سۇ ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ قايتىپ كىرگەندە ئانىسى ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇشقا پېتىنالماي ساقلاپ تۇرىدۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسى ئويغىنىدۇ. ئۇ ئەدەب بىلەن سۇنى ئانىسىغا بېرىدۇ. بالىسىنىڭ سۇنى تۇتقان پېتى بېشىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ:

- ئەي رەببىم! مەن ئوغلۇم بەيازىدتىن مىڭ مەرتىۋە رازى، سەنمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغىن!

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى

## ئىككى قېرىنداش

بىر تۇققان ئاكا-ئۇكا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشىنىپ قالغان كېسەلچان بىر ئانىسى بار ئىدى. ئۇلار ھەر كېچىسى نۆۋەتلىشىپ ئانىسىغا قارايتتى. بىرسى



ئانىسىغا قارىسا، يەنە بىرسى ئىبادەت قىلاتتى. بىر كۈنى كىچىسى ئىبادەت قىلغان ئاكىسى ئىبادەتتىن ھۇزۇر ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇكىسىغا مۇنداق دېدى:

- بۈگۈن كېچە سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئانامغا قارىساڭ، مەن ئىبادەت قىلسام بولامدۇ؟

ئۇكىسى ماقۇل بولدى. ئىبادەت قىلغان ئاكىسى سەجدىدە ئۇخلاپ قالدى-دە، بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە غايىپتىن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ئىنىڭ ئەپۇ قىلىندى، سەنمۇ ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىندىڭ.

يىگىت ھەيران بولۇپ ئېتىراز قىلدى:

- مەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن، ئىنىم ئانامغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. لېكىن مەن قانداقسىگە ئۇنىڭ ئانامغا خىزمەت قىلغانلىقى تۈپەيلى ئەپۇ قىلىندىم؟ بۇنى چۈشەنمىدىم.

ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلدى:

- توغرا، سېنىڭ قىلغان ئىبادىتىڭگە ئاللاھنىڭ ھېچقانداق ئېھتىياجى يوق. لېكىن ئىنىڭنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىگە ئاناڭنىڭ ئېھتىياجى بار. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئويلىغان كىشى ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن!

قۇلىقىمىزدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

بىزگە قېرىپ، ياشىنىپ كەتكەن كېسەلچان ئاتا-ئانىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟! كىچىك بالىدەك بولۇپ قالغان قېرى كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىر بوۋاق بالىنى بېقىشنىڭ بەك پەرقى يوق. ياشىنىپ كەتكەن كىشىلەرنى كىچىككىنە ئىشلار بىلەن خوش قىلغىلى بولغىنىدەك، كىچىككىنە ئىشلار بىلەنمۇ ئۇلارنى



رەنجىتىپ سېلىش مۇمكىن. بەزىدە ئۇلارنى چۈشىنىشمۇ شۇنچىلىك ئاسان، بەزىدە شۇنچىلىك قىيىن. ئۇلارمۇ بىر چاغلاردا بىزدەك ياش، قىران ئىدى. بىزمۇ بىر چاغلاردا ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقىتىگە موھتاج بوۋاق ئىدۇق. كىچىككىنە نەرسىلەرگە خۇشال بولۇپ كۈلسەك، يەنە كىچىككىنە نەرسىلەر ئۈچۈن ۋاقىراپ يىغلايتتۇق. بالىلىق چېغىمىزدا بىزنى چۈشەنگۈدەك، سۆزىمىزنى ئاڭلىغۇدەك بىر يۈرەككە

موھتاج ئەمەسمىدۇق؟! بىزمۇ ئۇلاردەك مېھرى ـ مۇھەببەت، كۆيۈنۈشكە موھتاج ئەمەسمىدۇق؟ ئۇلارنىڭ بىزدە ھەققى يوقمۇ؟ ئەگەر بىزدىكى بىراۋنىڭ ھەققىنى ساناپ ھېسابلىماقچى بولساق، بىرسى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ساناپ تۈگىتەلمەيمىز، يەنە بىرسى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزدىكى ھەققىنى ساناپ تۈگىتەلمەيمىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

”ھېچقانداق پەرزەنت دادىسىنىڭ ھەققىنى بېرىپ بولالمايدۇ. ئەگەر دادىسى ئەسىر چۈشۈپ قالسا، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلسا، دادىسىنىڭ ھەققىنى بۇنداقتا تۆلىيەلىگەن بولۇشى مۇمكىن.“ (مۇسلىم، ”ئىتىك“، 25)





مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇققىنى ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىققا ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان كىشى سىلە-رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ. ھەقىقى سىلە-رەھىم قىلغۇچى كىشى تۇققىنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىدۇر.» (بۇخارى، «ئەدەب»، 15)



مېنىڭ ئۈممىتىم

## ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ

كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ئاللاھقا شىكايەت

بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ رەببىمىز قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھقا قارشى چىقىشنى توسقاندىن كېيىنلا ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزمەسلىكنى بۇيرىغان. ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

«... ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار!» (نىسا سۈرىسى 1-ئايەت)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

ئاللاھتائالا مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئەي رەببىم، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزگەن كىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- ئەي ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسى، ساڭا ئەھمىيەت بەرگەن كىشىنى مەن ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. ساڭا كۆڭۈل بۆلمىگەن كىشىگە مەنمۇ كۆڭۈل بۆلمەيمەن. بۇنىڭغا رازىمۇ سەن؟

- شۇنداق، مەن بۇنىڭغا رازى! - دەپ جاۋاب بەردى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقارقىلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، «خالىساڭلار، (بۇنى تەستىقلايدىغان) ئۇشبۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار» دەپ مۇھەممەد سۈرىسى 22-23-ئايەتلەرنى ئوقىدى:

«(ئى مۇناپىقلار) سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) ئەما قىلدى.» (مۇسلىم، «بىرر»، 16)



بېشىمنىڭ تاجى

## ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرغىن

بىر كۈنى ساھابە كىرامدىن بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن شىكايەت قىلدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بار. مەن ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىمەن، ئۇلار مېنىڭكىگە كەلمەيدۇ. مەن ئۇلارغا شۇنچە ياخشىلىق قىلساممۇ ئۇلار ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا سىلىق-سىپايە گەپ قىلسام، ئۇلار ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ. ئۇلارغا زادى قانداق مۇئامىلە قىلسام بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن. سىزنىڭچە مەن زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوستىنىڭ دەردىگە-دەرمان بولىدىغان شۇ جاۋابنى بەردى:

- ئەگەر ئەھۋال سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسا، ئۇلار ساڭا قوپال مۇئامىلە قىلىش بىلەن پەقەت ئۆزىگىلا زىيان سالىدۇ. تۇغقانلىرىڭ ساڭا بۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، سەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن قەتئىي ۋاز كەچمىگىن! چۈنكى سەن ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشقانسىرى ئاللاھتائالا ھەر ۋاقىت ساڭا ياردەم قىلىدۇ. (مۇسلىم، «بىرر»، 22)

باشقا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «رىزقىنىڭ كۆپىيىشى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن.» (بۇخارى، «ئەدەب»، 12)



كۆڭلۈمدىكى ئىز

## بىر سۇلتاننىڭ تۇققانلىرى

ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ (1198ـ1281) باشچىلىقىدا ئاناتولىيەگە يەرلەشكەن تۈرك قەۋملىرىدىن بىرى قاراكەچىلى (قارا ئۆچكىلىك) قەبىلىسى بولۇپ، بۇ تۈركمەن قەبىلىگە قاراكەچىلى دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقە بايان



قىلىنغان:

بۇ تۈرك قەۋمى قاراجاھسارنى فەتھى قىلىش جەريانىدا قارا ئۆچكىلەرنىڭ مۈڭگۈزىگە شام باغلاپ كېچىسى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇرۇش تاكتىكىسىنى كۆرگەن ئەرتۇغرۇل غازى ئۇلارغا مۇنداق تولۋلىغان:

ـ قېنى قارا ئۆچكىلىك يۈگرۈكلىرىم! يۈرۈڭلار ئالپلىرىم!

سۇلتان 2ـئابدۇلھەمىدخان (1842ـ1918) قاراكەچىلى قەبىلىسىنىڭ يىگىتلىرىدىن تەشكىللەنگەن مۇنتىزىم ئەسكەرلەر قىسمىغا «ئەرتۇغرۇل قىسمى» دەپ نام بەرگەن. بۇ ھەربىي قىسىم ئوردىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى سۈپىتىدە ستراتېگىيىلىك مۇھىم خىزمەتلەرنى ئادا قىلغان.

تەھسىن پاشا سۇلتان ئابدۇلھەمىد خاننىڭ ئوردىسىدىكى بۇ تۇققانلىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

سۇلتان ئابدۇلھەمىد خاننىڭ ئوردىسىدىكى ئەڭ مۇنتىزىم، ئەڭ ئېسىل ۋە جەڭگىۋار قوشۇن «سۆگۈتلۈ» ئىسمى بىلەن ئاتالغان مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى ئىدى. بۇندىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ئاناتولىيەنىڭ بىلەجىك، سۆگۈت ۋە ئەسكىشەھىر قاتارلىق يەرلىرىگە ئورۇنلاشقان قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدىن قاراكەچىلى قەبىلىسى مەرتلىكى، باتۇرلىقى، ئەخلاقلىقى جەھەتتە سۇلتاننىڭ دىققىتىنى تارتقان. بۇ قەبىلە باللىرىنىڭ تومۇرىدا ئاققان ساپ تۈرك قېنى مۇھىت ۋە زاماننىڭ ناچار تەسىرىگە ئۇچرىماي، پاكىز پېتى ساقلانغان. شۈبھىسىز ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوردىدىكى باشقا ئەسكەرلەر

ئارىسىدا «سۆگۈتلۈ مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى» خۇددى گۆھەردەك پارلاپ تۇراتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد خان بۇ قۇراللىق مۇھاپىزەتچىلەرگە باشقىچە كۆزدە قاراپ قەدىرلەيتتى. بۇ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ مەھمەت ئەپەندى ئىسىملىك بىر مەشقاۋۇلى بار بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلىق، باتۇر بولغان بۇ زات ئۆزىنىڭ بىر يېقىن سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە سۇلتان ئابدۇلھەمىد خاننىڭ ھوجرىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ قوپاتتى. سۇلتان ئابدۇلھەمىد خاننى قوغداش ۋەزىپىسى ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد خان ئۆزىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن گېرمانىيە ئىمپېراتورى ۋىلھېلمگە مۇھاپىزەتچى قىسمىدىكى قاراكەچىلىلەرنى «تۇققانلىرىم» دەپ تونۇشتۇرغانتى. گېرمان ئىمپېراتور سۇلتاننىڭ تۇققانلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھەيۋەتلىكلىكىگە قاراپ ھەيران بولغانتى.



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# ئىلاھىي ئۆلچەم

ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىگە ئائىت بەزى ھەقىقىي ۋەقەلەرنى نەقىل قىلدۇق. ئەمدى بۇ ھەقتە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نوقتا بار، يەنى، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويىمىغان، داۋاملىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ بەزىدە سەل قارايدىغان بىر مەسىلە: تۇققانلار ئارىسىدىكى نامەھرەم مەسىلىسىگە دىققەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش.

نامەھرەملىك مەسىلىسى كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنچ، ھۆرمەت ۋە مېھرى-مۇھەببەت تۈپەيلى پات-پات ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ.

ناۋادا بىرەيلەن بۇنى ئەسكە سالسا، «ۋاي ياقەي، بىز دېگەن تۇققان تۇرساق!» دەپ بىلمەسكە، كۆرمەسكە سالىدۇ. بەزىدە «قىزىم، مەندىن نېمانداق قاچىسەن؟ مەن سېنى كىچىك چېغىڭدا كۆتىرىپ يۈرۈپ چوڭ قىلغان ئەمەسمىدىم» دەيدۇ. رەببىمىز ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا مۇناسىۋەت رىشتىسىنى مۇستەھكەم تۇتۇشنى بۇيرۇپ، بۇ ھەقتىمۇ ئېنىق ئۆلچەملەرنى بىلدۈرگەن.

مۇسا توپباش ئەپەندى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقان، خانىم قىزلارنىڭ كىيىم-كېچەكنى تولۇق، رەتلىك كىيىشى، ياغلىق-

روماللىرىنى تولۇق ئارتىشى كېرەكلىكىنى تاپىلايتتى.

سەئىد نۇرسىي ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئەر كىشىگە نامەھرەم ھېسابلانمايدىغان ئانا، ئاچا، سىڭىل، ھاماچا قاتارلىق تۇغقانلارمۇ كىيىم-كېچەككە دىققەت قىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇرۇق-تۇغقانلىق پەقەت كىشىنىڭ يۈزىدە بىلىنىدۇ. بەدىنىنىڭ باشقا يەرلىرىدە، مەسىلەن: كۆكسى، پاچىقى ياكى دۈمبىسىدە ئۇنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئىشارەت يوق. بۇ ئەر كىشىنىڭ ئېسىگە يات ئاياللارنىڭ بەدىنىنى ئەسلىتىشى مۇمكىن. بۇ كىشىگە مەنىۋى جەھەتتە زىيان سالىدىغان بىر قىلمىشتۇر. شۇڭا، ئاياللار بۇ جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، بەدىنىنى تولۇق يۆگەيدىغان كىيىملەرنى كىيىشى كېرەك.



قۇلىقىمىزدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

ئەپسۇس، كۈنىمىزدە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن تېلېفون، ئىنتېرنېتتە بولسىمۇ ئەھۋاللىشىپ، كۆرۈشۈپ تۇرۇش شۇنچىلىك ئاسانلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا سەل قاراش كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. ئۇچۇر ۋە قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن يىراقلار يېقىن بولدى، سەپەرگە چىقىش قولايلاشتى. ئەمما ۋاپاسىزلىق، تاش يۈرەكلىك ئەۋج ئالدى. بىر كىشىدىن پۇل ئالماقچى بولساق، كۈندە تۆت-بەش قېتىم ئېرىنمەي تېلېفون قىلىمىز، ئەمما ھال-ئەھۋال سوراپ كۆڭلىنى ئېلىشىمىز كېرەك بولغان تۇغقىنىمىزنى ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم سوراپ قويىمايمىز. كونىلار ئېيتقان «توغقاننىڭ توغقانغا قىلغىنىنى، يىلان-چايانمۇ قىلمايدۇ بۇ قېلىقنى» دېگەن سۆزنى راستقا چىقاردۇق.

ئەگەر خالىساڭلار، بۈگۈن بىر تىزىملىك تۈزەيلى، ئانىمىزنىڭ بىر تۇققانلىرى، ھاماچىلىرىمىز، تاغىلىرىمىز، دادىمىزنىڭ بىر تۇغقانلىرى ... ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى رەتلىك يېزىپ تىزىملاپ، ئۇلارغا بىر-بىرلەپ تېلېفون قىلايلى. چوڭلارنى ھېيت-بايراملاردا، ئۇلۇغ كۈنلەردە يوقلاشنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايلى. پات-پات ئىزدەپ ھال-ئەھۋال سورايلى. ياشاۋاتقانلارنى يوقلاپ تۇرغاندەك، ئاخىرەتكە كېتىپ بولغانلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى، ئۇلارنىڭ قەبرىدە دۇئاغا، فاتىھەگە ئېھتىياجى بار، بىز ئۇلارنى داۋاملىق دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرايلى.

قىيىنچىلىقتا قالغان، ھاجەتمەن بولغان، كېسەلچان بولۇپ يېتىپ قالغان، ئۆزىنىڭ

ئىشنى ئۆزى قىلالمايدىغان تۇغقانلىرىمىزغا ئاۋال بىز ياردەم قولى سۇنايلى. ئۇنۇتمايلىكى، بىزلەر مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى. ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىز ئۇنىڭدىن ئۆگەندۇق.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ھەزرىتى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

- تاغا، سەنمۇ بىلىسەن، تاغام ئەبۇ تالىبنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ. ھازىر ئاچارچىلىق ۋە قورغاقچىلىق مەزگىلى بولغاچقا ئۇلار قىيىنچىلىق تارتىۋاتىدۇ. ماڭ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى، ئوغۇللىرىدىن بىرىنى مەن بېقىۋالاي، بىرىنى سەن بېقىۋالغىن. بۇنداقتا، ئۇنىڭ يۈكى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەيدۇ.



ھەزرىتى ئابباس بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلار بېرىپ ئەبۇ تالىبقا كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى، ئەبۇ تالىب كۆپ خۇرسەن بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەلىنى، تاغىسى ھەزرىتى ئابباس بولسا ھەزرىتى جافەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.



پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىچىكلەرگە شەپقەت، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلمىغان كىشى بىزدىن ئەمەستۇر.» (ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 58)

مېنىڭ ئۈممىتىم

# كىچىكلەرگە شەپقەت، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش

كۆزۈمنىڭ نۇرى


# ئاۋال چوڭلار سۆزلىسۇن

ئىنسانىنىڭ چوڭلۇقىنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ يېشىمۇ؟ بېشىدىكى چېچىمۇ؟ بۇنى ئويلىنىپ باقساق بولىدۇ. لېكىن بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولغان بىر دىنىي قېرىندىشىنى ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتائالاغا ھۆرمەت ۋە تازىم قىلىدىغان كىشى چاچ ساقىلى ئاقارغان مۇسۇلمانغا، شەرىئەتكە ئاگلىق بويسۇنىدىغان قارىمغا (قۇرئاننى تولۇق يادلاپ بولغان كىشىگە) ۋە ئادىل مۇسۇلمان باشلىققا ھۆرمەت قىلىدۇ.» (يەنى، بۇ ئۈچ خىل كىشىگە بولغان ھۆرمەتنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە ئاللاھقا بولغان ھۆرمەتتىن كەلگەن دېمەكچى. ـ ت) (ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 20)

خەيبەر يەھۇدىيلىرى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنى ئۆلتۈردى. ئابدۇللاھنىڭ بىر تۇققانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەرز قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سورىغىنىدا شۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك بولغان ئابدۇراھمان ۋەقەنى بايان قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئابدۇراھمانغا:

ـ توختا، بۇنى چوڭلار سۆزلىسۇن، چوڭلاردىن ئاڭلايلى. ـ دېدى. (تىرمىزى، «دىيات»، 4، 22)

بۇ ھەدىس شەرىف بىزگە جەمئىيەتتە بىلىمى، يېشى، مەرتىۋىسى پەرقلىق ھەر خىل كىشىلەر بار ئەھۋالدا قانداق سۆزلەشنىڭ ئەدەب قائىدىسىنى ئۆگىتىدۇ.



بېشىمنىڭ تاجى

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى

«ئىنسانلارغا مەرتىۋىسى، ئەمىلى ۋە سەۋىيىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىڭلار» (ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 20) دەپ بۇيرىغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە چوڭلارغا قانداق ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئەڭ ياخشى مىسال بىلەن كۆرسەتكەن. تاغىسى ھەزرىتى ئابباسقا ھۆرمەت قىلغان، ئۇنى «قۇرەيشنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەرت ئادەم» دەپ ماختىغان. (مۇسلىم، «زاكات»، 11) ھەزرىتى ئابباس پەيغەمبىرىمىزدىن پەقەتلا ئىككى ياش چوڭ ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا «كىشىنىڭ تاغىسى كىشىنىڭ دادىسىغا ئوخشايدۇ» دەپ ھۆرمەتلىگەن. بىر پەيغەمبەر تەرىپىدىن مۇشۇنداق ھۆرمەتلەنگەن تاغىسىمۇ جىيەنىگە شۇنداق ھۆرمەت قىلغان. بەزىدە كىشىلەر كېلىپ ھەزرىتى ئابباستىن زادى قايسىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى سورىسا، ھەزرىتى ئابباس مۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

– ئۇ مەندىن چوڭ، مەن پەقەت ئۇنىڭدىن قېرى (يېشىم سەل چوڭراق).

ھەزرىتى ئابباس ئەسرى سائادەت مەزگىلىدە ئۈچ خەلىپە دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمان ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يامغۇر تىلەش

دۇئاسى قىلغىلى چىقتى. دۇئا قىلغاندا: «ئەي رەببىم! بۇ، سىنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىڭنىڭ تاغىسىدۇر. ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەر!» (بۇخارى، "ئىستىسقا"، 3) دەپ دۇئا قىلدى.



كۆڭلۈمدىكى ئىز

## ئەۋلىيانىڭ شەپقىتى

ئەۋلىيالاردىن ئەھمەد ئەررۇفائىي ھەزرەتلىرى يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشىگە سالام قىلاتتى. يېزىدا ياكى شەھەردە بولسۇن، كىمنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسا، دەرھال يوقلىغىلى باراتتى. يولدا ئەما كىشى ئۇچرىسا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بارىدىغان



يېرىگىچە ئاپىرىپ قوياتتى. قېرى ئادەملەر ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ يۈكىنى كۆتىرىشىپ بېرەتتى. ئەتراپىدىكى دوست بۇرادەرلىرىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ ھەدىس شەرىفىنى ئەسكەرتەتتى:

«بىر يىگىت يېشى چوڭ مويسىپىت كىشىگە ھۆرمەت قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇ يىگىتكە قېرىغان چېغىدا خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرنى بېرىدۇ.» (تىرمىزى، «بىرر»، 75)

ئەھمەد رۇفائىي ھەزرەتلىرى بەزى كۈنلىرى ئورمانلىققا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ ئېشىكىگە ئارتىپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، بۇلارنى يېتىم بالا، تۇل خوتۇنلارغا، غېرىپ-مىسكىنلەرگە، پېقىر-موھتاجلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئاغرىق بىمارلارغا خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كىيىمنى يۇياتتى، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، تاماق ئەكىلىپ يېگۈزۈپ قوياتتى. ئاندىن ئۇلاردىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنەتتى. ئۆزىنىڭ تالىبلىرىغىمۇ شۇنداق نەسىھەت قىلغانتى:

- بۇنداق ئاجىز كىشىلەرنى يوقلاش مۇستەھەپ ئەمەس، ۋاجىپتۇر!

باشقا بىر كۈنى، ئويۇن ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئىدى، بىر قانچە كىچىك بالا ئەھمەد رۇفائىي ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىۋى ھەيۋىتىدىن قورقۇپ قاچتى. ھەزرەت دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ باغرىغا بېسىپ، مېھرى-شەپقەت بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالدى، ئۇلارغا دېدىكى:

- بالىلىرىم، كۆرۈۋاتىسىلەر، مەن بىر بىچارە قېرى ئادەممەن. سىلەرنى بىلىپ بىلمەي قورقۇتۇپ سالغان بولسام، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار!..

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى

## ئالىمغا ھۆرمەت

ئىستانبۇلنىڭ سابىق ۋالىيسى پروفېسسور فەخرەددىن كەرىم گۆكئاي ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەپ ئىبنۇل ئەمىن مەھمۇد كامال ئەپەندى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ۋالىيلىق قىلىۋاتقان چېغىمدا بىر كۈنى جەلال بايار، ئادنان مەندەرەس ۋە بەزى خادىملار ئىستانبۇلغا كېلىپ: «مەھمۇد كامال ئەپەندىنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەل، يۈزتۇرانە كۆرۈشەيلى» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى. دەرھال مەھمۇد كامال ئەپەندىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا: «ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئالدىغا بارمايمەن» دېدى. مەن ئۆتۈندۈم، يالۋۇردۇم. ئاخىرى قايىل قىلدىم. ئۇنى مېنىڭ تەسلىكتە فلوريا دېڭىز ساھىلىدىكى داچىغا ئېلىپ كەلدىم. يەپ-ئىچىشتىن كېيىن سۆھبەت باشلاندى. سۆز ئارىلىقىدا جەلال بايار مەھمۇد كامال ئەپەندىگە خىتابەن شۇنداق دېدى:

- ئەپەندىم، «ئاخىرقى ۋەزىرلەر» (تۈركچە: «سون سادرازاملار») ناملىق كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم. ھەقىقەتەن ياخشى يېزىپسىز. لېكىن، كىتاۋىڭىزدا داۋاملىق ئوسمانلى ۋاقتىدىكى دۆلەت ئەربابلىرىنى تىلغا ئالىدىكەنسىز. ئۇنداق قىلىۋەرمەي، يەنە بىر كىتاپ يېزىپ ماۋۇ جۇمھۇرىيەت زامانىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى، جۇمھۇر رەئىسلەرنى تونۇشتۇرسىڭىز قانداق بولار دەيمەن.

مەھمۇد كامال ئەپەندى ئۇدۇلىدا تۇرغان شەخسنىڭ جۇمھۇر رەئىس ئىكەنلىكىگە

قارىماي «قايسى ئەبلەخلەر ئۇلار؟» دەپ سورىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

- مەن ئاخىرقى دەۋردىكى ۋەزىرلەرنى يازغاندا ئۆزەم خالاپ بىر نېمىلەرنى يازمىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېقىندىن كۆرۈپ تونىدىم. بەزىلەرنىڭ خىزمىتىگە بىۋاستە قاتناشتىم. بەزىلەر بىلەن بىللە ئىشلىدىم. ئۇلارنىڭ ئەيىپ-نوقسانلىرىنى، ئارتۇقچىلىقىنى بىر ئائىلە ئىچىدە تۇرۇپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم. ھالبۇكى، ھازىرقى يېڭى باشلىقلارنى تونىمايمەن. ئۇلارنىڭ يېزىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر تەرىپى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئىلگىرىكى چاغلاردا بىرەر كىشى باش مىنىستىرلىك ئەمىلىگە ئۆستۈرۈلىدىغان چاغدا مۇئەييەن قەدەم باسقۇچلارنى باشتىن ئۆتكۈزەتتى. مەسىلەن: ئالدى بىلەن ۋالىي، ئاندىن نازىر، مىنىستىر، ئاخىرىدا ۋەزىر بولۇپ ئۆسەتتى. ھازىر ئۇنداق ئىش بارمۇ؟ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ئادەم تۇيۇقسىز دۆلەتكە باشلىق بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇ يېڭى باشلىق ئالىمنى، ئۆلىمانى ئالدىغا چاقىرتىدۇ...



قولىقىمىزدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

چوڭلار ھۆرمەتكە، ئىززەتكە لايىق بولغاندەك، كىچىكلەرمۇ مېھرى-شەپقەتكە موھتاج. ئۇنۇتمايلىكى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يەرگىچە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. مېۋىسىز قاخشال دەرەخنىڭ شاخ-پۇتاقلىرى تىك گىدىيىپ تۇرىدۇ-دە، ئۇنىڭ كىشىلەر پايدىلانغۇدەك تۈزۈك سايىسىمۇ بولمايدۇ. بىر ئىنسان ئەسلىدە ئۆزى قانداق مۇئامىلىگە لايىق بولسا، باشقىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

ھۆرمەتكە لايىق كىشى باشقىلارغىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىدۇر. ھۆرمەتكە لايىق كىشى شەپقەتكە موھتاج بولغانلارنىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

مەھەللىدە كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان مويسىپىت تاغلار كىچىك باللارغا ئامراق، يانچۇقىدا يەل-يېمىش، كەمپىت،ناۋاتنى كەم قىلماي باللارغا بېرىپ تۇرىدىغان ھاجى تاغلاردۇر. توپ ئويناۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن بالىنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزغان تاغىنىڭ يۈز-خاتىرىسى يەرگە چۈشمەيدۇ، ئەرشكە چىقىدۇ. كىچىك باللارنى مەسجىد، جامەگە كىرگۈزمەي، قوغلاپ چىقارغانلار ئۆلگەن چېغىدا نامىزىغا جامائەت كەلمەيدۇ، قەبرىسىدە فاتىھە ئوقۇيدىغانلار بولمايدۇ.

چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيدىغان كىچىكلەرمۇ تاكى ھۆرمەتنى ئۆگەنمىگۈچە ئادەم ھېسابلانمايدۇ.



«كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر.»

(شۇرا سۈرىسى 43-ئايەت)



مېنىڭ ئۈممىتىم

# ئەيۇچاندۇر

كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ئەڭ قىيىن كۈن

ھەر قانداق كىشى خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بىلىپ بىلمەي خاتالىشىش ھەر قانداق بىر ئادەمگە ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتتۇر. پەقەت ئالالھتائالا ھەر قانداق خاتالىقتىن خالىيدۇر. شۇڭلاشقا ئالالھۇتائالا ئۇشبۇ ئايەتتە بەندىلىرىدىن ئەپۇچان بولۇشنى، كەڭ قورساق بولۇشنى تەلەپ قىلماقتا:

«بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئالالھ بېرىدۇ، ئالالھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.» (شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت)

ئالالھنىڭ ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشنى، كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان بەندە ئۆزىمۇ باشقىلارنى ئەپۇ قىلىدىغان، كەچۈرىدىغان بولۇشى كېرەك. رەببىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر، ئەگەر ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (ئالالھ سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ). ئالالھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (تەغابۇن سۈرىسى 14 ـ ئايەت)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدى:

- ئوھۇد ئۇرۇشى كۈنىدىن تېخىمۇ قىيىن بىر كۈن كۆردۈڭمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:



ـ شۇنداق، سېنىڭ قەبىلەڭدىن كۆپ يامانلىق كۆردۈم. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان بولغىنى ئەقەبە كۈنى ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغىنىدۇر. تائىفتىكى ئىبنى ئابدۇيالىلنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغانتىم، مېنى قوبۇل قىلمىدى. مەن ئارقامغا قايتتىم. چوڭقۇر غەمگە پېتىپ خىيلى ئۇزۇن ماڭدىم. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتىرىپ يۇقىرىغا قارىسام، بىر بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. سىنچىلاپ قاراپ، بۇلۇتنىڭ ئىچىدە تۇرغان جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى تونۇدۇم. جىبرائىل ماڭا ئېيتتىكى:

ـ ئاللاھتائالا قەۋمىڭنىڭ سېنى قانداق ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئۆزەڭ خالىغاننى قىلىش ئۈچۈن ساڭا تاغ پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن تاغ پەرىشتىسى ماڭا سالام قىلدى:

ـ ئەي مۇھەممەد، مەن تاغقا مەسئۇل پەرىشتە. سەن نېمىنى بۇيرىساڭ شۇنى قىلىشىم ئۈچۈن ئاللاھتائالا مېنى ساڭا ئەۋەتتى. قانداق بۇيرىقىڭ بار؟ خالىساڭ، ماۋۇ ئىككى تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يىقاي.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان جەۋرى-جاپاسىغا پىسەنت قىلماي، پەرىشتىنىڭ تەكلىپىنى مۇنداق رەت قىلدى:

ـ ياق، مەن ئاللاھتائالادىن ئۇ خەلقنىڭ نەسلىدىن پەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايدىغان ئەۋلاتلار مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تىلەيمەن. (بۇخارى، «بەدئۇل خالق»، 7)

بىشىمنىڭ تاجى

## ئاللاھمۇ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇنمۇ؟

سىلەر ئەپۇ قىلالمايدىغان، «ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!» دەيدىغان خاتالىق نېمە؟ شەخسىيىتىڭلارنى زېدىلىگەن خاتالىقمۇ؟ شان-شەرىپىڭىزنى قارىلىغان، ئىززەت-ھۆرمىتىڭىزنى دەپسەندە قىلغان قىلمىشلارمۇ؟ ئائىلىڭىزگە، ئىپپەت-نومۇسىڭىزغا ھاقارەت



قىلغان ئىشلارمۇ؟

ئىسلام تارىخىدا «ئىفق ھادىسىسى» دەپ ئاتالغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جىھادقا ماڭغاندا يېنىدا ھۆرمەتلىك ئائىشە ئانىمىزنى بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. سەپەردىن قايتىدىغان چاغدا ئۇلار يولدا بىر يەردە توختاپ ئارام ئالدى. ئائىشە ئانىمىز ھاجەتكە چىقىش ئۈچۈن قوشۇندىن بىر ئاز يىراقراق يەرگە باردى، قايتىپ كەلگەن چېغىدا قوشۇن قوزغىلىپ يولغا چىققان ئىدى. ئائىشە ئانىمىز تۇرغان يېرىدە ساقلاپ تۇردى. قوشۇندىكى ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ يۈتكەن نەرسىلەرنى چارلاپ تېرىپ ماڭىدىغان بىر ساھابە ئائىشە ئانىمىزنى كۆرۈپ، ئۇنى تۆگىسىگە مىندۈرۈپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.



مەدىنىدىكى مۇناپىقلار بۇ ۋەقەنى سۆز-چۆچەك، توقۇلما بىلەن بوياپ تۆھمەت تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ تۆھمەت ھەم مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە ھەمدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى قاتتىق بىئارام قىلدى. لېكىن بۇ تۆھمەتتە ئېغىر يارىلانغان يەنە بىر كىشى بار ئىدى. يەنى، قىزىغا ئامراق بىر دادا، ئۆزى

ئىمان ئېيتقان پەيغەمبەرنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگۈچى بىر مۆمىن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەتىۋالىق قىزى، ئەڭ يېقىن دوستى، جېنىدىن ئېزىز پەيغەمبەرنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى ئىدى. بۇ ئېغىر دەرت، ئىمتىھانىنىڭ شىپاسىنى ئاللاھ بەردى. ئاللاھتائالا ئايەت نازىل قىلىپ ئائىشە ئانىمىزنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىراق ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۈچۈن بۇ ئىمتىھان تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. چۈنكى بۇ تۆھمەتنى تارقاتقۇچىلاردىن بىرسى ئەبۇ بەكرىنىڭ ياردىمىدە چوڭ بولغان تۇققىنى مىستاھ ئىدى. مىستاھنىڭ بۇ تۆھمەتخورلار ئارىسىدا بولۇشى ئەبۇ بەكرىنى قاتتىق رەنجىتتى. شۇڭا بۇندىن كېيىن مىستاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم قىلماسلىققا قەسەم قىلدى. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئەپۇچانلىق يولىنى كۆرسەتتى:

«ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (نۇر سۈرىسى 22-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى:

- مەن ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن! - دېگەندىن كېيىن مىستاھنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئىلگىرىكىدەكلا ياردەم قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. قىلغان قەسىمى ئۈچۈنمۇ كەففارەت تۆلىدى. (بۇخارى، «مەغازى»، 34)

كۆڭلۈمدىكى ئىز

## ئەۋلىيانىڭ شەپقىتى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، جافەر سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ بىر قۇلى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن خىزمەت قىلاتتى. بىر كۈنى بۇ قۇل ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن بىر قاچا قىززىق شورپىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن جافەر سادىقنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ سالدى. قىززىق شورپىدا بەدىنى كۆيگەن ۋە كىيىملىرى شورپىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن جافەر سادىق ھەزرەتلىرى ئاچچىقلانغان ھالدا قۇلنىڭ يۈزىگە ئالىيىپ قارىدى. بۇنى كۆرگەن قۇل:

- غوجام، ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە «ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقانلار...» دېگەن، - دەپ ئايەت ئوقىدى. بۇنى ئاڭلىغان جافەر سادىق ھەزرەتلىرى:

- ئاچچىغىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. - دېدى. قۇل:

- قۇرئاندا يەنە شۇ ئايەتتە «ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلغانلار...» دېگەن - دەپ، ئايەتنىڭ داۋامىنى ئوقىدى. جافەر ھەزرەتلىرى:

- سېنى ئەپۇ قىلدىم. - دېدى.

بۇ قېتىم قۇل:

- قۇرئاندا شۇ ئايەتنىڭ داۋامىدا «ئاللاھ ئىھسان قىلغۇچىلارنى، ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېيىلگەن. - دەپ ئايەتنىڭ داۋامىنى ئەسكەرتتى.

بۇنى ئاڭلىغان جافەر سادىق ھەزرەتلىرى:

ـ بوپتۇ، كەتكىن. سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ئازاد قىلدىم! ـ دېدى.

بۇ نەقەدەر گۈزەل كەچۈرۈم قىلىش ـ ھە! مۆمىن مۇسۇلماننىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا ئۆزىنى قانداق ئەپۇ قىلدۇرۇشنى بىلىدۇ. ئۆزىگە باشقىسى خاتا قىلسا، «ئەڭ گۈزەل ئەپۇ قىلىنىشقا» لايىق بولۇش ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئەپۇ قىلىدۇ.



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

## ئەپۇ قىلماسلىقنىمۇ بىلىش لازىم

ئەپۇچان بولۇش پەقەتلا كىشىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان شەخسىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا كۈچكە ئىگە. كىشى باشقىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئەپۇچان بولالمايدۇ. بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنغان ئەھۋاللاردا ئەپۇچان بولۇشقا، سۈكۈتتە تۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۇنداق ئەھۋاللاردا قانۇن ۋە ئادالەت نېمە قىلىشقا بۇيرىسا، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر شۇنى قىلسا بولىدۇ. لېكىن بىر ئادەمنى جازالىغاندا ھەددىدىن ئاشماسلىق لازىم. بۇ ھەقتە سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ھەققىدە سۆزلەنگەن مەزكۇر ۋەقەگە قۇلاق سالايلى:

بىر كۈنى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ بىر قىلمىشى پاش قىلىندى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ ئەمەلدار سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ھاكىمىيىتىدىن شىكايەت قىلىپ، پادىشاھ ھەققىدە بولمىغۇر سۆز قىلغانىدى. بۇ مەلۇمات سۇلتانغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا سۇلتان ئۇنىڭغا سۈرگۈن جازاسى بەردى. شۇ چاغدىكى ۋەزىر سەئىد پاشا سۇلتانغا ئېتىراز قىلىپ:

- سۇلتانىم، نېمىشقا سۈرگۈن جازاسى بەرگەنلىكىڭىزنى چۈشەنمىدىم. بۇ ئەمەلدار بۇندىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ئوغرىلىق ۋە پارىخورلۇق جىنايىتى سادىر قىلغاندا ئۇنى ئەپۇ قىلىپ جازالىمىغانتىڭىز. ئەمدىلىكتە بىراۋ پاش قىلغان كىچىككىنە مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ ئۇنى سۈرگۈنگە مەھكۇم قىلدىڭىز.

سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ۋەزىرگە مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ ياق پاشا، مەن ئۇنى باشقىلار پاش قىلدى دەپ سۈرگۈن قىلمىدىم. ئەسلى سەۋەب سەن دېگەن ھېلىقى ئوغرىلىق ۋە پارىخورلۇق جىنايىتى. مۇشۇ جىنايەت ئۈچۈن جازالىدىم. ئۇنى بىراۋ پاش قىلدى دېگەن سۆز-چۆچەكنى مەن توقۇتتۇم. لېكىن ئۇنى ئالتە ئاي ئىلگىرىكى ئوغرىلىق ۋە پارىخورلۇق جىنايىتى تۈپەيلى جازالىغان بولسام، يالغۇز ئۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بالا-چاقىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ جازالىنىپ قالاتتى. ئۇلار يېقىن-يۇرۇق، ئەل-ئاغىينىلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ يېقىنلىرى بۇ كىشىنى خۇددى مېنىڭ ھاكىمىيىتىمگە قارشى چىققان بىر ئادەم، يەنى قەھرىمان دەپ بىلىدۇ. مەن شۇنداق بولۇشىنى خالىدىم.



قۇلىقىمدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغان ھەببار بىن ئەسۋەدنى ئەپۇ قىلدى، تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنى شېھىت قىلغان ۋەھشىنى ئەپۇ قىلدى، ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى پارچىلاپ، يۈرەك ـ باغرىنى چۈۋۈغان ھىندىنى ئەپۇ قىلدى، مۇسۇلمانلارغا ھەر خىل زۇلۇم، جاپانى راۋا كۆرگەن ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمەنى كەچۈرۈپ باغرىغا باستى، قول ـ ئىلكىدىكى كۈچىنى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشقا ئىشلەتكەن ئەبۇ سوفيياننى ئەپۇ قىلدى، ... ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ئىكەن، سەن قايسى خاتالىقى ئۈچۈن كىمنى ئەپۇ قىلمايسەن؟ قېنى ئېيتقىنا!

ئاداپازارلىق شەيخ ئوسمان ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:



«كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ ياخشى ھالىتى ئاللاھقا تەسلىم بولۇش ۋە رازى بولۇش؛ خەلق بىلەن بولغان ئىشلاردا بولسا ئەپۇچان ۋە مەرت بولۇش.» (بۇرسەۋى، 1 ـ جىلد، 283؛ بەقەرە سۈرىسى 177 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرى)





مېنىڭ ئۈممىتىم

# كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ

بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى بىرەر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇ مۆمىننىڭ بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بىر كىشى قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىنىڭ مۈشكۈل ئىشىنى ئاسانلاشتۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانچىلىق بېرىدۇ. مۆمىن بەندە دىنىي قېرىندىشىنىڭ ئىشىغا ياردەم قىلغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھتائالامۇ ئۇ بەندىگە ياردەم قىلىدۇ. (ئىبنى ماجە، «مۇقەددىمە»، 17)

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## يارەم قىلىشقا تىرىشقىن

ھايات بىزلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھاندىن ئىبارەتتۇر. ئەمەل دەپتىرىمىز بۇ ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى. تەقدىرنامىگە لايىق نەتىجە ئوقۇغۇچىنىڭ يۈزىنى كۈلدۈرسە، لاياقەتسىز نەتىجە ئۇنى ئازابلايدۇ. رەببىمىز بۇ ئىككى خىل ئوقۇغۇچىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

"ئەمەل دەپتىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلار گۇناھكارلاردىن مۇنداق دەپ سورايدۇ:

- سىلەر نېمە سەۋەبتىن جەھەننەمگە كىردىڭلار؟

گۇناھكارلار مۇنداق دەيدۇ:

- بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق. تاكى بىز ئۆلگۈچە شۇنداق قىلاتتۇق.

شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. (يەنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ.) (مۇددەسسىر سۈرىسى 39 ـ 48 ـ ئايەتلەر)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىگە

قولىدىكى ھەر قانداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارغا ياردەم قىلىشنى بۇيرىغان. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى مۇنداق دېگەن:

- سەدىقە بېرىش ھەر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ساھابە-كىرام سورىدى:

- ئەگەر سەدىقە بەرگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالمىسا قانداق قىلىدۇ؟

- مەدىكارلىق قىلسۇن. ھەم ئۆزىگە پايدىسى بولىدۇ، ھەمدە ئىشلەپ تاپقىنىدىن سەدىقە بېرىدۇ.



ساھابە كىرام يەنە سورىدى:

- بۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە (ئىش تاپالمىسا) قانداق قىلىدۇ؟

- قىينىچىلىقتا قالغان كىشىگە ياكى موھتاج بىرسىگە ياردەم قىلسۇن.

دېدى. ساھابىلار بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قانداق قىلىدۇ؟ - دەپ سورىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

- گۇناھ قىلىشتىن يىراق تۇرسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.

(بۇخارى، "زاكات" 30)



بېشىمنىڭ تاجى

# بىر تۇققاننىڭ قەرزى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر بىر سەپەردىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ساھابە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ماڭدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېڭى ئۆيلەنگەنىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خېلى كۆپ قەرزى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ قەرزنى تۆلىگۈدەك مال-مۈلكى يوقتى. پەقەتلا بىر تۆگىسى بار بولۇپ، ئۇنى مىنەتتى. قەرزدارلىق تۈپەيلى غەمگە پاتقان، يېڭى توي قىلغان بۇ ساھابىسىگە پەيغەمبىرىمىز يارەدەم قىلماقچى بولدى. «تۆگەڭنى ماڭا سېتىپ بېرىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. مەدىنىگە بارغۇچە مىنىۋېلىش شەرتى بىلەن تۆگىسىنى ساتتى. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن تۆگىنى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاپشۇرۇپ بەرگىلى باردى. قەرزىنى تۆلىگۈدەك پۇل يانچۇققا كىرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى خۇشال ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن تۆگىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇندىن كېيىن پىيادە قالىدىغانلىقىنى ئويلىسا كۆڭلى بىر ئاز يېرىم بولاتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېيىشكەن باھا بويىچە پۇلنى بەرگەندىن كېيىن تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى يەنە جابىرغا ئۇزاتتى. جابىر نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۆگىسى بار ئىدى. بۇ تۆگىنى پەقەتلا جابىرنىڭ

قەرزدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن سېتىۋالغان ئىدى. ئەمدى سودا تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن تۆگىنى جابىرغا ھەدىيە قىلىپ بەردى. (مۇسلىم، «مۇساقات»، 109)

ھەزرىتى جابىر مۇنداق دەيدۇ:

- رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنىڭ پۇلىنى بەرگەندىن كېيىن تۆگىنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن چاغدا بۇ ئىشلارنى مەن تونۇيدىغان بىر يەھۇدىيغا سۆزلەپ بەرسەم، يەھۇدى قاتتىق ھەيران بولدى:

- دېمەك تۆگىنىڭ پۇلىسىنى بەردى، ئاندىن تۆگىنى ساڭا ھەدىيە دەپ بەردى-ھە! - دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ تۇرۇپ قالدى. (ئەھمەد، 3-جىلد، 303)



## كۆڭلۈمدىكى ئىز

# كۆڭۈلدىكى كەبە

بەيازىد بەستامى ھەزرەتلىرى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بارغانلىكى شەھەردە شۇ يەردىكى ئەۋلىيالار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمى، ئىرپانىدىن بەھرىلىنەتتى. باشقىلار تونۇشتۇرغان بىر ئەۋلىيا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ئەي بەيازىد قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ غۇربەت يۈكىڭنى نەگە ئېلىپ بارماقچىسەن؟

- ھەرەمگە ھەج قىلغىلى ماڭدىم. ئىككى يۈز دەرھەم پۇلۇم بار. - دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن، ئۇ زات بەيازىدقا مۇنداق دېدى:

- ئەي بەيازىد، ئۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىدىكى ھاجەتمەنلەرگە، غېرىپ يوقسۇللارغا، بىچارە ئادەملەرگە تارقىتىپ بەر. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىرگىن-دە، ئاۋال سېنىڭ كۆڭلۈڭ ھەج قىلسۇن. ئاندىن كېيىن پاك قەلبىڭ بىلەن ھەج سەپىرىگە داۋاملاشتۇرغىن. چۈنكى كەبە، ئاللاھ بىزنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىغان بىر ئۆيدۇر. لېكىن ئىنساننىڭ قەلبى بىر سىر خەزىنىسىدۇر. كەبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان بىر بىنادۇر. كۆڭۈل بولسا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نەزەرگاھىدۇر. ئەگەر سەن يىراقنى كۆرەلىسەڭ، ئاۋال كۆڭۈل كەبىسىنى تاۋاپ قىلغىن. لاي توپىدىن بىنا قىلىنغان كەبىنىڭ ئەسلى مەنىسى قەلب، يەنى كۆڭۈلدۇر. شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھنىڭ نەزەرگاھى بولغان بىر كۆڭۈلنى رەنجىتسەڭ، كەبىگە يالىڭاياق، پىيادە بارساڭمۇ، سەن ئېرىشكەن ساۋاپ كۆڭۈل رەنجىتكەن گۇناھىڭنى يۇيۇشقا يەتمەيدۇ. سەن قولۇڭدا بار يوق پۈتۈن مال-مۈلكۈڭ بىلەن بىر كۆڭۈل بىنا

قىلغىنىكى، بۇ كۆڭۈل قەبرىدە، ئۇ قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە ساڭا نۇرلۇق چىراق بولسۇن. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا نەچچە مىڭ خالتا ئالتۇن-كۈمۈش ئېلىپ بارساڭ، ئاللاھتائالا ساڭا دەيدۇكى:

”بىزگە بىر نەرسە ئېلىپ كەلمەكچى بولساڭ، پەتھى قىلىنغان بىر كۆڭۈل ئېلىپ كەل! ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قىممىتى يوق. ئەگەر بىزنىڭ رازىلىقىمىزغا ئېرىشىشنى ئىزدىسەڭ، بۇنىڭ پەقەت كۆڭۈل پەتھى قىلىشقا (كۆڭۈل ئېلىشقا) باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتما!“

بەيازىد ئەۋلىيا ئېيتقان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. كۆڭلى بۇ سۆھبەتتىن ئالغان مەنىۋى ئېنېرگىيەنىڭ ئىجابىي كۈچىدە خۇشاللىق ئىلكىدە ھەج سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.



## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# بىر تاغار پېدىگەن

تۈركىيەنىڭ كونيا ۋىلايىتىدە يېتىشكەن مەشھۇر زاتلاردىن ھاجى ۋەيسزادە مۇستاپا ئەپەندى بىر كۈنى بازارغا بارىدۇ. بىر كىشىنىڭ بازاردا پېدىگەن سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن سورايدۇ:

- پېدىگەنلەرنى قانداق سېتىۋاتىسىز، تاغا؟

بۇ كىشى باھاسىنى ئېيتىدۇ. مۇستاپا ئەپەندى باھا تالاشمايلا پېدىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالىدۇ. بۇ كىشى تاغارلىرىنى يوغۇشتۇرۇپلا ئۆيىگە كېتىدۇ. مۇستاپا ئەپەندى سېتىۋالغان بىر تاغار پېدىگەننى ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. ئايالى بۇنچە كۆپ پېدىگەننى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئېرىگە تەنە قىلغان تەلەپپۇزدا سورايدۇ:

- دادىسى، بۇنچە كۆپ پېدىگەنلەرنى قانچە كۈن پىشۇرىمىز؟ قاراپ تۇرۇپ بىر تاغار ئاپسىز.

مۇستاپا ئەپەندى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

- تېرەكتەك بىر ئەر كىشى، قايسى يېزىدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم. پېدىگەننى تېرىپتۇ، پەرۋىش قىپتۇ، سۇغۇرۇپتۇ، ئۇتاپتۇ، ... بازارغىچە ئېلىپ كەپتۇ. خۇتۇن سەن بۇنىڭدىن خالىغانچە تاماق ئەتكىن. قالغىنىنى خولۇم-خوشنىلارغا بەرگىن، ئۇلار يېسۇن. پېدىگەن ساتقۇچى كىشىنىڭ مېلىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن تاغارلىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ، كۈنلۈكىنى ئېچىپ شۈنچىلىك خۇشال ھالەتتە ماڭغىنىنى بىر كۆرگەن بولساڭ! ئۇ ئادەمنىڭ

خوشلۇقىدىن ئالغان لەززەت، ماڭا سەن پىشۇرىدىغان پېدىگەنلەردىنمۇ مەززىلىك بىلىنىدۇ. سەن ئېھتىياجىمىزدىن ئارتۇق پېدىگەنلەرنىڭ ھەممىسنى خوشنىلارغا تارقىتىپ بەر. بىر بىر مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىنى ئالدۇق، كۆڭلىنى خوش قىلدۇق، بىزگە مۇشۇ يېتەرلىك!



قولىقىمىزدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا "سەدىقىگە ئون ھەسسە ساۋاپ، پۇل ئۆتنە بەرگەنگە ئون سەككىز ھەسسە ساۋاپ بېرىلىدۇ" دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتنە (قەرز) بېرىلگەن پۇلنىڭ نېمە ئۈچۈن سەدىقىدىن بەكرەك ساۋاب بولىدىغانلىقىنى جىبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن سورايدۇ. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

- چۈنكى يوقسۇل كىشى ئادەتتە يېنىدا ئازىراق پۇل تۇرۇغلۇق سەدىقە تەلەپ قىلىدۇ. قەرز ئالغۇچى كىشى بولسا ئېھتىياجى سەۋەبلىك قەرز سورايدۇ. (ئىبنى ماجە، "سەدەقات"، 19)

بىر سوم دەسمايە بىلەن ئۈچ سوم كىرىم قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىگۈچى، خېيىم-خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان ھالدا قولىدىكى بارلىق سەرمايىسىنى مەبلەغ سالغۇچى، ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، يۈرەكلىكلىكى، جاسارىتى بىلەن ماختانغۇچى ئەي ئىنسان!

سەن ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەمگە قەرز بېرىپ، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچۈڭ يەتمەمدۇ؟

بۇنداق قىلساڭ قانچىلىك پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىڭنى نېمىشقا ئويلىمايسەن؟

بۇرۇنقى زاماندىكى ئۈممەتلەر ئارىسىدا ياشىغان بىر بەندە توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

"كىشىلەرگە پۇل قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. خىزمەتچىسىگە مۇنداق دەيتتى:

- قىيىنچىلىقتا قالغان كەمبەغەل كىشى ئەگەر ئالغان قەرزىنى قايتۇرالماي قالسا، بۇ قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكىن. ئاللاھنىڭمۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنى تىلەيمىز.

نىھايەت ئۇ كىشى ۋاپات بولدى، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى."

(بۇخارى، "ئەنبىيا"، 54)

جەننەتكە كىرىش ئەسلىدە ئۇنچىلىك قىيىنمۇ ئەمەس. بىز پەقەت پايدا-زىيان، كىرىم-چىقىم ھېسابلاشنى ئوبدان بىلسەكلا، جەننەتكە كىرىش يولىنى تاپالايمىز.





«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئال-ئىمران سۇرىسى 92-ئايەت)



مېنىڭ ئۈممىتىم

## پىداكاردۇر

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## كىمكى بېخىللىق قىلمىسا....

رەببىمىز بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان نېمەتلەرنى باشقا ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە پايدىلىنىشنى، مەرت، سېخى، پىداكار بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. تارىختا ئۆتكەن ئەڭ گۈزەل قېرىنداشلىق مىسالى بولغان ئەنسار بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ پىداكارلىقلىرى ھەققىدە رەببىمىز قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (ھەشر سۈرىسى 9-ئايەت)

مەدىنىدە ئەنسارلار ئارىسىدا خورمىلىق باغلىرى كۆپ بولغىنى ئەبۇ تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئۇ مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بەيرۇھا ئىسىملىك خورمىلىق بېغىنى باشقا باغلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر.» (ئال-ئىمران سۈرىسى 92-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولۇشى بىلەن ئەبۇ تەلھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ سىزگە «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر» دېگەن ئايەتنى ۋەھيى قىلدى. ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۈلكۈم بەيرۇھا ئىسىملىك خورمىلىق بېغىم ئىدى، مەن ئۇنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىئانە قىلماقچى. بەيرۇھانى ئاللاھنىڭ سىزگە بۇيرىغىنى بويىچە ئىشلەتكەيسىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ساڭا مۇبارەك بولسۇن! پايدىلىق مال دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. سۆزۈڭنى چۈشەندىم ئەبۇ تەلھا، مېنىڭچە ئۇ بېغىڭنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا بەرسەڭ مۇۋاپىق.

ئەبۇ تەلھا:

- شۇنداق قىلاي ئەمىسە، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېدى-دە، بېغىنى تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۆلەشتۈرۈپ بەردى. (مۇسلىم، «زاكات»، 42-43)



بېشىمنىڭ تاجى

## ئاللاھ ماختىغان ئائىلە

ئەسىرى ـ سائادەتتىكى ئەڭ ئۈرنەك ئائىلە ھەزرىتى ئەلى بىلەن پاتىمەنىڭ ئائىلىسى، ئۇلارنىڭ جىگەر پارىسى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئاغرىپ قالدى. بالىلىرىنىڭ ساقىيىشىغا ئاتاپ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچ كۈن روزا تۇتماقچى بولدى. بالىلىرى ساقىيىشى بىلەن ئۇلار روزىنى باشلىدى. بىرىنچى كۈنى ئىپتارلىق ئۈچۈن ئارپا ئۇنىدا تاماق ئەتتى. دەل ئىپتار ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە ئاچ، كەمبەغەل بىر بىچارە ئادەم كەلدى. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يېگۈدەك بىرەر نەرسە بېرىشنى تىلىدى. ھەزرىتى ئەلى بىلەن پاتىمە ئىپتارغا تەييارلىغان تاماقنى ئۇ كىشىگە بەردى. ئۆزى خورما ۋە سۇ بىلەن ئىپتار قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى دەل ئىپتار ۋاقتىدا ئىشىككە بىر يېتىم بالا كەلدى. ئىپتارغا تەييارلىغان تاماقنى بۇ بالىغا بەردى. ئۆزىگە بىر قانچە تال خورما بىلەن سۇ قالدى. ئۈچىنچى كۈنى يەنە ئىپتار ۋاقتىدا ئىشىكنى بىر ئەسىر چەكتى. ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىم تەييارلىغان تاماقنى قول ئېچىپ تۇرغان ئەسىرگە بەردى. بۇ ئاخشام پەقەت سۇ بىلەنلا ئىپتار قىلدى. چۈنكى يېگۈدەك باشقا نەرسە قالمىغانتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل خالىس پىداكارلىقى ئۈچۈن ئاللاھتائالا ئىنسان سۈرىسىنىڭ 8 ـ 11 ـ ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى:

«ئۇلار ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن

(بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز». ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.» (ئىنسان سۈرىسى 8 ـ 11 ـ ئايەتلەر)



كۆڭۈلۈمدىكى ئىز

# سۇلتانلىقنى پەيدا قىلىش

پەيداكارلىق دېگەنلىك پەقەتلا مال ـ مۈلۈكتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس. بەزىدە ۋاقىتنى پەيدا قىلىش، بەزىدە ئۇيقۇسىنى، بەزىدە ئۇيقۇدىن تېخىمۇ تاتلىق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە شان ـ شۆھرەت ، تاجۇ ـ تەختتىن ۋاز كېچىش كېرەك



بولىدۇ.

ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرغۇچى ئوسمان غازى (1258 ـ 1326) ۋاپات بولدى. ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە چوڭ ئوغلى ئالائەددىن بەگ دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلسا بولاتتى. لېكىن ئالائەددىن بەگ ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كېچىپ ئۇكىسى ئورھان بەگكە مۇنداق دېدى:

ـ ئۇكام، دادىمىزنىڭ دۇئاسى ۋە ھىممىتىنى ئالغانسەن. دادام ھايات چاغدا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ساڭا بەرگەن. شۇڭا بەگلىك ساڭا ئائىت.

ئالائەددىن بەگ ئۆمۈر بويى ئىنىسىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى، ھىمايىچىسى بولدى. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، باراۋەرلىكى، ئۈممەتنىڭ سالامىتى ئۈچۈن تارىختا بۇنىڭغا ئوخشاش نى نى پىداكارلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى ھەسەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پارچىلانماسلىقى ئۈچۈن خەلىپىلىك ھەققىنى ھەزرىتى مۇئاۋىيەگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ھاياتىنى ئىسلام بىرلىكى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئوسمانلى سۇلتانى ياۋۇز سۇلتان سەلىم خان (1470 ـ 1520) زامانىدىمۇ مۇشۇنداق پىداكارلىق نەمۇنىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. ئاناتولىيەنىڭ شەرقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىدرىسى بىتلىسى ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى دائىرىسىدىكى ۋىلايەتلەرنى ياۋۇز سۇلتان سەلىم خانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

يەنە بىر پىداكارلىق قەھرىمانى بولسا بارباروس ھەيرەددىن پاشا (1467 ـ 1546). ئۇ ئۆزى مۇستەقىل ئالجىرىيە دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك پادىشاھى تۇرۇقلۇق، ئوسمانلى سۇلتانىغا بەيئەت قىلىپ كاپىتان پاشا (گېنېرال) بولۇش يولىنى تاللىغان. بارباروس ھەيرەددىن پاشا قول ئاستىدىكى غازىلار ۋە دېڭىز ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دېگەن:

ـ قىلىچنىڭ ھەققىنى بېرىش كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بىلەن بىرلىكتە

ئىسلام ئۈچۈن كۈرەش قىلىش شارائىتى بار يەردە، مەن نېمىشقا ئالجىرىيەدە ئۆزەم يالغۇز سۇلتان بولۇپ ئولتۇرغۇدەكمەن؟ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەر يەردە چىشىنى بىلەپ تۇرغان خرىستىئان ئەھلى سەلىب قوشۇنىغا قارشى قانداق ھەرىكەت قىلىش كېرەك؟ بىلىڭلاركى، ئۇلۇغۋار غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېھتىياجىمىز بار. مۇقەددەس ۋەزىپىمىز ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك قېرىندىشىمىز بىلەن بىرلىشىشىمىز شەرت! ئەمدى ئارزۇيۇم شۇكى، مەن باشقۇرىۋاتقان بۇ ۋىلايەتلەردە جۈمە خۇتبىسى ئوسمانلى خەلىپىسى نامىغا ئوقۇلسۇن، تەڭگە پۇللارغا ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلسۇن. ئۇ ئۇلۇغ سۇلتان ۋە شاھلارنىڭ شاھىغا قوشۇلۇشىمىز كېرەككى، ئۇ شاھنىڭ ئىسمى سۇلتان سەلىم خان، ئوسمانلى مۈلكىنىڭ باش تاجى.



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# ئاخىرقى بىر لوقما

چاناققەلئە ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەنۋى تەربىيىسىدە يېتىشكەن ساھابە كىراملارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۈلگە قىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نەپەر ئەسكەر ھۆسەيىن ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلانغان بولۇپ داۋالىنىۋاتاتتى. ئۆزىمۇ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلەتتى. يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا يېگىن دەپ بەرگەن نانىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپ بولۇپ توختاپ قالدى، نانىنى چىشلىمىدى. خۇددى ساھابىلەر نامايەن قىلغان پىداكارلىق سەھنىلىرىدىن بىرى بۇ يەردە تەكرارلىنىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز ھەققىنى مۆمىن قېرىندىشىغا بېرىدىغان بىر ئىمان ھاياجىنى ئىچىدە مۇنداق دېدى:

ـ جان دوستلىرىم، بۇ نانىنى مەن يېسەم بولمايدۇ. چۈنكى مەن بىر دەمدىن كېيىن ئۇ دۇنياغا كېتىمەن. ئېلىڭلار ماۋۇ نانىنى، بۇنى مۇشۇ دۇنيادا ياشايدىغان يېگىتلەر يېسۇن.

ئاندىن قولىدىكى نانىنى سەپدىشى مۇستاپاغا ئۇزاتتى. بىر دەمدىن كېيىن بۇ مۆمىن مۇسۇلمان ئەسكەر ئۆزىگە نېسىپ بولغان مەنۋى غىزالارنىڭ لەززىتى ئىچىدە شېھىت بولدى، رەببىنىڭ يېنىغا كەتتى.

قۇلىقىمدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۇممىتى

ئاچكۆزلۈكتىن بىر-بىرىنى يېگۈدەك دەرىجىگە كەلگەن جاھىلىيەت ئىنسانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە بىر-بىرى ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار ھالەتكە كەلدى. بىزلەر مانا شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

- ئىككى كىشىلىك تاماق ئۈچ كىشىگە يېتىدۇ. ئۈچ كىشىلىك تاماقمۇ تۆت كىشىگە يېتىدۇ. (بۇخارى، «ئەتئىمە»، 11)

ئۇنداقتا، بىز نېمىنى ئۆزئارا بۆلۈشەلمەيمىز؟ بىزگە يەتمەيۋاتقىنى نېمە؟ تەڭ بەھرىلەنگۈدەك بىر نەرسىمىز يوقمۇ؟ ياكى تەڭ بەھرىلىنىشنى بىلمەمدىمىز؟



مەۋلانا جالالىددىن رۇمى مۇنداق دېگەن:

«بىر مۇھەببەت ئۈچۈن خەجلىمىسەڭ، بىر گۈزەل ئۈچۈن پىدا قىلالمىساڭ، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مارجان ۋە ئىسسىق جانىڭنى نېمە قىلىسەن؟»



ھېچقانداق كىشى ئۆزى ھالال ئىشلەپ تەر تۆكۈپ تاپقىنىدىن ياخشىراق رىزىق يېمەيدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزى ئىشلەپ تاپقىنىنى يەيتتى. (بۇخارى، «بۇيۇ»، 15؛ «ئەنبىيا»، 37)

مېنىڭ ئۈممىتىم

## ئىشچاندۇر

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## تىلەمچى بولما، ئوتۇنچى بول!

مۆمىن ـ مۇسۇلمانغا قەتئىي ياراشمايدىغان ئىككى ئىللەت بار، بۇنىڭ بىرى يالغانچىلىق، يەنە بىرى ھۇرۇنلۇق. ھەتتا بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن ئىشلەپ ئەمگەك قىلىشنى ئىبادەت سۈپىتىدە كۆرۈپ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.



بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان مەيداندۇر. شۇڭا ھەم دۇنيا ھەم ئاخىرەت سائادىتىمىز ئۈچۈن چوقۇم تىرىشىپ ئىشلىشىمىز كېرەك. رەببىمىز بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. بۇ نەتىجە كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ.» (نەجم سۈرىسى 39 ـ 41 ـ ئايەتلەر)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بىرەيلەن ئارغامچىسىنى ئېلىپ تاغقا بېرىپ، ئۆشنىسىگە بىر باغلام ئوتۇن يۈدۈپ ئەكىلىپ ئۇنى ساتسا، ئاللاھ بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغدىسا، بۇ ئەھۋال بىر كىشىنىڭ خەقلەر بەرسە، بەرمىسە قولىنى ئېچىپ تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغىنىدىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەلدۇر.» (بۇخارى، «زاكات»، 50؛ نەسائىي، «زاكات»، 85)



بىشىمنىڭ تاجى

## تىلەمچىلىك دېغى

بىر كۈنى بىر ساھابە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى، دەردىنى ئېيتىپ ئازىراق سەدىقە بېرىشنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سورىدى:

- ئۆيۈڭدە ھېچقانداق بىساتىڭ يوقمۇ؟

- بىر كىگىز بىلەن بىر سۇ قاچىسى بار. - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ساھابە. پەيغەمبىرىمىز ئۇ نەرسىلەرنى ئەكەلدۈردى. ئۇنى ئىككى دەرھەمگە ساتقاندىن كېيىن ئۇ ساھابىگە مۇنداق دېدى:

- بۇ پۇلدىن بىر دەرھەمگە يېمەكلىك ئېلىپ ئائىلەڭدىكىلەرگە بەرگىن، قالغان بىر دەرھەمگە بىر پالتا بىلەن ئارغامچا سېتىۋېلىپ يېنىمغا كەلگىن.

ئۇ ساھابە پالتا ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ماڭ، ئوتۇن كېسىپ ئەكىلىپ ساتقىن. سېنى ئون بەش كۈنگىچە بۇ ئەتراپتا كۆرمەي.

ساھابە بېرىپ ئوتۇن تېرىپ ئەكىلىپ سېتىپ ئون دەرھەم پۇل تاپتى. بۇ پۇلنىڭ بىرىمىغا كىيىم-كېچەك، بىرىمىغا يېمەك-ئىچمەك ئالدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ يۈزۈڭدە تىلەمچىلىك دېغى بار ھالەتتە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشتىن، بۇ ھالىتىڭ تېخىمۇ ياخشى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل كىشى ئىنسانلاردىن بىرەر نەرسە تىلىسە بولىدۇ:

1. ئاچلىق، يوقسۇزلۇقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆمۈلىگۈدەك ھالەتكە كەلگەن ئادەم.

2. تۆلەپ تۈگىتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر قەرزگە بوغۇلغان ئادەم.

3. قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن دىيەت (جازا تۆلىمى) تۆلىشى كېرەك بولۇپ، بۇنى تۆلىيەلمىگەن ئادەم. (ئەبۇ داۋۇد، «زاكات»، 26)



كۆڭۈلۈمدىكى ئىز

## ھۈنەرۋەن شاھلار

ئوسمانلى سۇلتانلىرى دۆلەت ئىشلىرىنى قىلغاندىن سىرت ۋاقىتلىرىنى بىكار ئۆتكۈزمەي پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقان. ھەر خىل ساھەلەردە بىر-بىرىدىن ئېسىل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بەزىلىرى شېئىر، ئەدەبىيات، ھۆسنىخەت ۋە مۇزىكا ساھەسىدە يېتىشكەن. مەسىلەن، فاتىھ سۇلتان مەھمەت خان باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. بەزىدە تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوق ئۈچۈن بارماققا سالىدىغان ئۈزۈك، كەمەرنىڭ تۇتقۇچى، قىلىچ غىلاپى ياسىغان. ياۋۇز سۇلتان سەلىم خان دۆلەت ئىشى ۋە جەڭگە چىقمىغان بوش زامانلاردا زەرگەرچىلىك قىلغان. سۇلتان بىرىنچى مەھمۇت خانمۇ بوش ۋاقىتلاردا زەرگەرچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە مۆھۈر (تامغا) ياسىغان. ئۇلار بۇ ئەسەرلىرىنى بازاردا ساتقۇزۇپ، پۇلىنى سەدىقە قىلىپ تارقاتقان. بىر كۈنى سۇلتان بىرىنچى مەھمۇتنىڭ ۋەزىرى ئۇنىڭ بۇنچە قېتىرقىنىپ ئىشلەۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ:

- سۇلتانىم، دۆلەتنىڭ خەزىنىسى سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرسا، نېمىشقا بۇنچە ئىشلەپ ئاۋارە بولىسىز؟ - دەپ سورىغاندا، سۇلتان ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

- دۆلەتنىڭ خەزىنىسىنى دۆلەت خەلقى ئۈچۈن خەجلەيمىز. كىشى ئۆزى تەر

تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان پۇلنى سەدىقە قىلىپ بەرگەندە بۇنىڭ باشقىچە ھۇزۇرى، لەززىتى بولىدۇ. (زەكى قۇشئوغلۇ، «تۇنۇگۈنكى سەنئەتلىرىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز»، ئىستانبۇل، 1994 ـ يىل 26 ـ بەت)



سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ئات مىنىش، سۇ ئۈزۈش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىگە قىزىقاتتى. شۇنداقلا ئۇستا ياغاچچى ئىدى. دۆلەت ئىشلىرىنى قىلىپ ھېرىپ قالغاندا ئوردىدىكى ياغاچچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلەپ هاردۇق چىقىراتتى.

1897-يىلى تۈرك-يۇنان ئۇرۇشىدا يارىلانغان قەھرىمان ئەسكەرلەر ئىستانبۇلدا دوختۇرخانىلارغا ياتقۇزۇلدى. سۇلتان يارىدار ئەسكەرلەرنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇراتتى. بىر كۈنى ياغاچچىلىق زاۋۇتىغا كېلىپ يۈز بېشى مەھمەت ئەپەندىگە مۇنداق دېدى:

- مەھمەت ئۇستام، يۈز ئەللىك دانە ھاسا ئۈچۈن ياغاچ تەييارلىغىن!

يۈز بېشى قىزىقسىنىپ سورىدى:

- خوپ سۇلتانىم! بىراق بۇنچە كۆپ ياغاچ ھاسىنى نېمە قىلىمىز؟

سۇلتان مۇنداق جاۋاب بەردى:

- قارىسام ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى پۇتىدىن يارىلىنىپتۇ. ئۇلار ساقايغاندىن كېيىنمۇ ھاسىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەسكەر ئوغۇللىرىم دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا بىردىن ھاسا ھەدىيە قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

## ئۆگزىدە نېمە ئىشىڭ بار؟

تۈركىيە ئىستىقلال مارشى (دۆلەت شېئىرى)نىڭ ئاپتورى مەھمەت ئاكىف «سافاھەت» ناملىق ئەسىرىدە بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ. شېئىردا «سەيفى بابا»



دېگەن ئىسمىدا ئاتالغان كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئەمرۇللاھ ئەپەندى بولۇپ، بۇ كىشى 75 ياشقا كىرگەن بىر يوقسۇل بوۋاي ئىدى. باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلەشنى خالىمايتتى، پەقەت ئۆزى ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشاتتى. خوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۆيىگە سۇ ئېقىپ كىرىپ كەتكەچكە، شۇنى ئوڭشايمەن دەپ ئۆگزىگە چىقىپ ئىشلەپ ھېرىپ كېتىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدۇ. مەھمەت ئاكىف بو دوستىنى يوقلاپ باردۇ. ئۇلارنىڭ دىئالوگىنى ئۇشبۇ شېئىردىن ئاڭلايلى:

- نېمە بولدۇڭ ئەي دوستۇم؟ نېمشقا ئاغرىپ قالدىڭ؟
چۈنكى بۇ قىش بەك سوغۇق، بەلكىم زوكام بوپ قالدىڭ.
- مەھمەت ئاغىنىڭ ئۆيىگە ئۆگزىدىن سۇ ئېقىپتۇ، ئوڭشاش ئۈچۈن ئاشۇنى تامغا چىقتىم، ئۈششۈدۈم، بولدى بۆگۈن ئۈن بەش كۈن.
«نېمىش قىلاتتىڭ ئۆگزىدە، ئەخمەق ئادەم!» دېگىنە،
كاللىدىن كەتتىم ئەي ئوغلۇم، قېرىلىق يەتتى دېگىنە.
ھە ماقۇل، ئۆگزىگە چىقماي، جاننى قانداق باقىمەن؟
قارىغۇ كەبى ئولتۇرۇپ، نامەرتتىن نان تىلەمدىمەن؟
كىمكى بۇ دۇنيادا جاننى ھالال ئىشلەپ باقمىسا،
دوستىنىڭ يۈز ئۆرۈشى، دۈشمەنىنىڭ مەسخىرىسى ئۇچرايدۇ ئۇنىڭغا!

## قۇلىقىمدىكى مونچاق

# بىزمۇ ئۈنىڭ ئۈممىتى

كۈنىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرسى ئىش ياراتماسلىق. بىرەر ئىشنى باشلاپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىرىغا چىقىرىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئورنىغا باشقا يەردىن راھەت ۋە ھۇزۇرلۇق ئىش ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئىش ئاسان



تېپىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىشسىز لاغايلاپ يۈرۈپ ئايلار، يىللار ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، پەيغەمبەرلەرمۇ تەر تۆكۈپ ھالال ئىشلەپ تاپقىنى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان. خالىساڭلار، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا بىر قاراپ باقايلى:

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچىلىق قىلغان. داۋۇت ئەلەيھىسسالام تۆمۈرچىلىك، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىككۈچىلىك قىلغان. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى مالىيە مۇتەخەسسىسى دېسەك بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام پادىچىلىق قىلغان. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ پادىچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىنسانلىق شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت ھۆرمەتكە يارىشىدىغىنى ھالال ئىشلەپ تەر تۆكۈپ تاپقىنى بىلەن ياشاشقا تىرىشىش، ھالال، پاكىز بىر كەسىپتە ئىشلەشتۇر. پەيغەمبەرلەر، نى نى پادىشاھلار جېنىدا تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقىنى بىلەن جان بېقىشقا تىرىشىۋاتقان يەردە، باشقىلاردىن تىلەش، تەييارتاپلىق قىلىش بىر مۇسۇلمانغا ھەرگىز ياراشمايدۇ. شائىر مەھمەت ئاكىف ئەرسوي باشقىلارنىڭ مىننەت قىلىپ بەرگەن نەرسىسنى ئالغۇچە ھامماللىق، مەدىكارلىق قىلىپ ياشاشنىڭ تېخىمۇ پەزىلەتلىك، ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا بايان قىلغان:

قۇزام، ئەيىپمۇ ئىشلەش، گۇناھمۇ يوك توشۇش؟
ئەيىپ: تىلەمچىلىك، ئىشلىگۈدەك قول، ماڭغۇدەك پۇتۇڭ تۇرۇپ.



«ئۇلار ئاللاھقا سادىق (سەمىمى، راستچىل) بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇچۇن ياخشى ئىدى.» (مۇھەممەد سۈرىسى، 21-ئايەت)



مېنىڭ ئۈممىتىم

## راستچىل، ئىشەنچلىكتۇر

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## سەن كىمنى ئالداۋاتىسەن؟

بەندىلىرىنى بوۋاق چېغىدىلا پاك-پاكىز، مەسۇم، گۇناھسىز ياراتقان رەببىمىز بىز ئىنسانلارنىڭ راستچىل، سەمىمىي، پاك ياشىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. رەببىمىز بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن:

«پەرۋەردىگارىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.( ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (ھۇد سۈرىسى 111-112-ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇشبۇ ھەدىس شەرىفتە راستچىل، ئىشەنچلىك تىجارەتچىگە خوشخەۋەر بەرگەن:

«راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك مۇسۇلمان سودىگەر قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىتلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.» (ئىبنى ماجە، «تىجارەت»، 1)

بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ھالەتتە، ئىشەنچسىز، ھىيلىگەر، مەككار، ساختىپەز، ئالدامچى ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بۇ ھەدىس شەرىف يېتەرلىك:

«ئىشەنچسىز كىشىنىڭ ئىمانى يوق.» (ئەھمەد، 3-جىلد، 135)

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راستچىللىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

«بىر كىشىنىڭ ئوقىغان نامىزى، تۇتقان روزىسىغا قاراپ ئۇنىڭغا باھا بەرمەڭلار. سۆزلىگەندە راست گەپ قىلامدۇ؟ ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئامانەت قويساڭلار، ئامانەتكە رىئايە قىلامدۇ؟ دۇنيادا پۇل تېپىشقا كىرىشكەندە ھالال ھارامغا دىققەت قىلامدۇ؟ مۇشۇنىڭغا قاراڭلار.» (بەيھاقى، «سۇنەنۇل كۇبرا»، «دارۇل فىكر»، 6-جىلد، 288)



## بېشىمنىڭ تاجى

# بۇ بىر ئىمتىھان ئىدى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ۋەقەنى ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن:

بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدە بىرى بەرەس كېسەللى، بىرى تاز، يەنە بىرى ئەما ئۈچ كىشى بار ئىدى. ئاللاھتائالا ئۇلارنى سىنىماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن پەرىشتە ئەۋەتتى. پەرىشتە بەرەس كېسەللى بار كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

- ئەڭ ياقتۇرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟

- كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان مۇشۇ كېسىلىم بىر ساقايغان بولسا. - دەپ جاۋاب بەردى.

پەرىشتە ئۇنىڭ يۈزىنى بىر سىلىۋىدى، بەرەس كېسەللى ساقىيىپ، رەڭگى-رويى گۈزەللەشتى. پەرىشتە ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:

- ھەممىدىن بەك قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟

- تۆگىنى ياخشى كۆرىمەن. - دېدى.

ئۇنىڭغا ئون ئايلىق بىر بوغاز تۆگە بەردى. پەرىشتە:

- ئاللاھ ساڭا بۇ تۆگىنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرسۇن! - دەپ دۇئا قىلدى.

كېيىن پەرىشتە تاز كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنى بىئارام قىلغان كېسەلنى ساقايتىپ، ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا بەردى. پەرىشتە بۇ ئادەمگىمۇ ئوخشاش دۇئانى قىلغاندىن كېيىن ئەما كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭمۇ كۆزىنى ساقايتقاندىن

كېيىن، ئۇنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئۇنىڭغا بىر بوغاز قوي بېرىپ، بەرىكەتلىك بولغاي دەپ دۇئا قىلدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. تۆگە بوتىلاقلىدى، كالا مۇزايلىدى، قوي قوزىلىدى. ئاخىرىدا بىرەيلەننىڭ بىر پادا تۆگىسى، بىرەيلەننىڭ بىر توپ كالىسى، يەنە بىرەيلەننىڭ نەچچە يۈز تۇياق قويى بار بولدى. بىر كۈنى پەرىشتە ئىلگىرىكى بەرەس كېسىلى ئادەمنىڭ يېنىغا شۇنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتىدە كېلىپ مۇنداق دېدى:

- مەن بىر يوقسۇل ئادەممەن. سەپەردە پۇلسىز قالدىم. بارىدىغان مەنزىلىمگە پەقەت ئاللاھنىڭ ۋە سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەنلا بارالايدىغاندەك قىلىمەن. سىزنىڭ رەڭگى رۇخسارىڭىزنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغان



بولسىڭىز.

ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا:

- پۇل-مال ياردەم تىلەيدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ تۇرسا، قانداقمۇ بېرىپ بولغىلى بولسۇن؟! - دېدى.

پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن. سەن ئىلگىرى يىرگىنىشلىك بەرەس كېسىلى، يوقسۇل نامرات كىشى ئىدىڭ، كېيىن ئاللاھ سېنى ساقايتىپ، كۆپ مال بەرگەنتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئادەم ئىنكار قىلدى:

- ماڭا بۇ ماللار دادامدىن مىراس قىلغان.

پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- ئەگەر يالغان گەپ قىلغان بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكى ھالىتىڭگە قايتۇرىۋەتكەي! - دەپ بەددۇئا قىلدى.

كېيىن پەرىشتە تازىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. بەرەس كېسىلى ئادەمگە دېگەن گەپلەرنى دېدى. تازمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكى ھالىتىڭگە قايتۇرىۋەتكەي! - دېدى.

كېيىن پەرىشتە ئىلگىرىكى ئەما كىشىنىڭ يېنىغا قارىغۇ ئادەم قىياپىتىدە كەلدى-دە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- مەن بىر پېقىر يولۇچىمەن. يولدا پۇلۇم تۈگەپ كەتتى. ئاۋال ئاللاھنىڭ كېيىن

سېنىڭ ياردىمىڭگە ئېھتىياجىم بار. ساڭا كۆزلىرىڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا بىر قوي بەرگەن بولساڭ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۇ ئادەم:

- مەنمۇ ئىلگىرى ئەما ئىدىم. ئاللاھ كۆزۈمنى ساقايتتى. مانا قويلىرىم، خالىغان قوينى ئالساڭ بولىدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن، بۈگۈن نېمىنى خالىساڭ، شۇنى بېرىمەن. - دېدى.



پەرىشتە مۇنداق جاۋاب بەردى:

- مال-مۈلكۈڭ سېنىڭ بولسۇن. بۇ، سىلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھان ئىدى. ئاللاھ سەندىن رازى بولدى. بەرەس كېسىلى ۋە تاز ئادەمگە غەزەپ قىلدى.

(بۇخارى، «ئەنبىيا»، 51)

كۆڭلۈمدىكى ئىز

## تولۇق قايتىپ كەلگەن تەڭگىلەر

ئوسمانلى قۇرغان دۆلەت سىستېمىسى راستچىللىق، ئىشەنچ ۋە دۇرۇسلۇقنى ئۈچ قىتئەدە يەتمىش مىللەتكە ئۆگەتكەن. ئوسمانلى دۆلىتىنى ساياھەت قىلغان سەييياھلاردىن ئا.ل.كاسېللان بىر دوستىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



«دوستۇم مىلىق تەڭگە قاچىلانغان ھەميانىنى ئېلىپ ئىستانبۇلدىن بەيئوغلۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانتى. توپخانە پورتىدىن كېمىگە چىقىدىغان چاغدا ھەمىيىنى تويۇقسىز يىرتىلىپ، ئىچىدىكى تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى پىرېستان ئۈستىگە چېچىلىپ كەتتى. بەزىلىرى دوملاپ دېڭىزغا چۈشتى. دوستۇم تېخى «ئاپلا!» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرسا، شۇ يەردە تۇرغان كىشىلەر دەرھال تەڭگىلەرنى يەردىن تېرىشكە باشلىدى. دوستۇم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى تەڭگىلەرنى يىغىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ... بىر دەمدىن كېيىن قارىساق، كىشىلەر قولىدىكى تەڭگىلەرنى بىر بۇرجەكتە بويۇن قىسىپ تۇرغان ھەميان ئىچىگە قويۇۋاتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. ھەتتا قېيىقچىلارمۇ سۇغا چۈشۈپ، دېڭىزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتكەن تەڭگىلەرنى سۇدىن سۈزۈپ چىققان ئىدى. تەڭگىلەرنى يىغىشىپ بەرگەنلەرگە سۆيۈنچە بېرىپ رەھمەت ئېيتماقچى بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار «بىز پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزنى قىلدۇق» دەپ پۇل ئالغىلى ئۇنىمىدى، تەڭگىلەرنى ھەميانغا قويۇپلا يولىغا راۋان بولۇشتى. دېمىسىمۇ ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشى بار بولۇپ، ھەممىسىگە سۆيۈنچە بېرىشكە پۇلىمىزمۇ يەتمەيتتى. يىغىلغان بارلىق تەڭگىلەرنى ھەميانغا قويغاندىن كېيىن تۇرالغۇمىزغا قايتتۇق. ئۆيگە كىرىپلا دەرھال تەڭگىلەرنى ساناشقا باشلىدۇق. خىيالىمىزدا ئەڭ ئاز يۈز تەڭگە يوقىتىپ قويغان بولۇشى ئېنىق ئىدى. ئەمما مىلىق تەڭگىنىڭ تولۇق، ساق ھالەتتە ھەمياندا تۇرغىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدۇق. كۆزىمىزگە ئىشەنمىدۇق. يەنە بىر قېتىم قايتا ساناپ باقتۇق، شۇنداق، ھەمياندا دەل مىلىق تەڭگە بار بولۇپ، بىر تەڭگىمۇ كەم ئەمەس ئىدى.»

ئوسمانلى دۆلىتىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىلىك، ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى 1850 ـ يىللادا ئوسمانلى دۆلىتىدە ساياھەت قىلغان م.ئا.ئۇبىسىنىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

«ئىستانبۇلدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇردۇم. ئىستانبۇلنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئايلاندىم. ھەر خىل مىللەتتىن بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم. ھەر خىل تىجارەتچىلەر بىلەن سودىلىشىش جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەجرىبەم شۇكى، بىر ئەرمەنى بىلەن سودىلاشسىڭىز، ئۇ دېگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىڭ. رۇم بىلەن سودىلاشسىڭىز، ئۇ تەلەپ قىلغان پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېرىڭ. ئۇدۇلىڭىزدىكى كىشى يەھۇدى بولسا، ئۇ ئىستىگەن پۇلنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپ بەرمەڭ. چۈنكى، مەن دېگەندىن كۆپ بەرسىڭىز، زىيان تارتىسىز دېگەن گەپ. ئەگەر سىز سودىلاشقان تىجارەتچى بىر مۇسۇلمان بولسا، ئۇچاغدا ئۇ تەلەپ قىلغان باھاغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ئۇ نەچچە پۇل دېسە، شۇنچە پۇل بەرسىڭىز بولىدۇ.»



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا

دۇرۇسلۇق ھەققىدە بىر مەشھۇر ھېكايە بار. پات-پات يەر تەۋرەپ تۇرىدىغان يۇرتىمىز خەلقىگە بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندە ئازىراق قاش-كۆزىنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىپ بەرسەك، بۇھېكايە بىزگە بەك ناتونۇش كەلمەيدۇ:

ئىمىن ئىسىملىك بىر ئۇستا بىناكار بولغان ئىكەن. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى خىيانەت قىلىدىغان بىر ھۆددىگەرنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىكەن. كۆڭلىدە بۇنىڭغا نارازى بولسىمۇ، ئۆزىگە مۇنداق تەسەللىي بېرىدىكەن: «قانداق قىلاي قېرىندىشىم، كۆرمەسكە سېلىپ ئىشىمنى قىلىمەن. خوجايىن ماتېرىياللارنى خىيانەت قىلسىمۇ، ئەمما مەن ئىشقا خىيانەت قىلمايمەن، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىمەن. ھېچبولمىغاندا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپەمنى جايىدا ئادا قىلىمەن. كىشلەرمۇ بىر ئاز ھوشيار بولسۇن!» ئىمىن ئۇستام قېرىپ ياشىنىپ قالغاندا قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى خوجايىنىغا مۇنداق دەپتۇ:

- ئەپەندىم، مەن ھاردىم ،قېرىدىم. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، دەم ئېلىشقا چىققۇم بار.

خوجايىننىڭ كۆڭلى بىر ئاز يېرىم بوپتۇ-دە، مۇنداق دەپتۇ:

- ئىمىن ئۇستام، سەن ھەقىقەتەن ئۇستا بىناكارسەن. نۇرغۇن چىرايلىق بىنالارنى سالدىڭ. مەن سەندىن كۆپ مەمنۇن. ئەمدى دەم ئېلىشقا چىقساڭمۇ چىققىن، لېكىن سەندىن ئاخىرقى بىر تەلىۋىم بار، بۇ تەلىۋىمنى يەردە قويمىغىن. ماڭا ئاخىرقى قېتىم بىر

ئۆي سېلىپ بەرگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن پىنسىيەگە چىقساق بولىدۇ.

ئىمىن ئۇستام گەرچە بۇ ئىشنى خالىمىسىمۇ، ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. قۇرۇلۇشنى دەرھال باشلاپتۇ. كۆڭلىدە: «قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ئىشىم. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئوغرىلىنىپ تۇرىدىغان بىنانىڭ سېلىنىشى پۇختا، ئىشى جايىدا بولمىسا، چىدامسىز بولسا نېمە بوپتۇ؟! بەرىبىر....» دەپ قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆينى پۈتكۈزۈپ ھۆددىگەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

ھۆددىگەر خۇجايىن پۈتكەن ئۆينى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئىمىن ئۇستامغا بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

- مە، بۇ ئاچقۇچلارنى ئالغىن. بۇ ئۆي ئەمدى سېنىڭكى. ھازىرغىچە ماڭا سېلىپ بەرگەن بىنالىرىڭ ئۈچۈن ساڭا بۇ ئۆينى تارتۇق قىلىپ بەردىم. مۇبارەك بولسۇن ئىمىن ئۇستام!



ئىمىن ئۇستام تۇيۇقسىز بۇنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۆز-ئۆزىگە:

- ۋاي ئېست! مەن نېمىدىگەن قاپاقباش، بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، ئىشنى قولۇمنىڭ ئۇچىدا قىلماسكەنمەن. ئۆزەم پۇختا سالمىغان ئۆينى قانداق ئوڭشاپ بولارمەن؟! - دەپ پىچىرلاپتۇ.

قۇلىقىمدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك، دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ قايىل بولۇپ، ئۇنى «مۇھەممەدۇل ئەمىين» (ئىشەنچلىك مۇھەممەد)



دەپ ئاتىغان. بىزلەر مانا شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، بىزلەرنىڭ دۇرۇس، ئىشەنچلىك بولالماسلىقىمىزنى ئاقلىغىلى، قوبۇل قىلغىلى بولامدۇ؟

ئەجىبا ئۆز-ئۆزىمىزدىن «مەن زادى كىمنى ئالداۋاتىمەن؟» دەپ سوراپ باققانلار بارمۇ؟

يولدا ماشىنىدا كېتىۋاتقان بولسىڭىز، قىزىل چىراق يانغاندا توختايسىز. قاتناش كامېراسى ھەممىنى سىنغا ئېلىپ كۆزىتىپ تۇرسا قىزىل چىراقتا توختىماي ماڭالامسىز؟

بىز ئۇشبۇ ئايەتلەرنى بىلىمىز:

«شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچنەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس.» (ئال-ئىمران سۈرىسى 5-ئايەت) «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە.» (ھەدىد سۈرىسى 4-ئايەت) «رەببىڭ بەندىلەرنى ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.» (فەجر سۈرىسى 14-ئايەت) «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.» (غافىر سۈرىسى 19-ئايەت)

قىزىل چىراق يانغاندا ماشىنىنى توختاتماي مېڭىشقا قاتناش ساقچىلىرىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ جۈرئەت قىلالمايدىغان يەردە، ئاخىرەتتە ھېسابىنى بېرىدىغان بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ قانۇنلىرىغا قانداقمۇ خىلاپلىق قىلايلى؟! ھەقىقەتەن، ھېساب بېرىدىغانلىقىمىزنى بىلسەك، بىزنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك، دۇرۇس بولۇشتىن باشقا چىقىش يولىمىز يوق!

«راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.»

(ئەھزاب سۈرىسى، 35-ئايەت)



«زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.» (ئىسرا سۈرىسى، 32-ئايەت)



مېنىڭ ئۈممىتىم

# ئىپەتلىك، ھايالىقتۇر

كۆزۈمنىڭ نۇرى

# قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس

بىر ئىنسان ھاياتتا يۇقتىپ قويغان نۇرغۇن نەرسىلەردىن بەزىسىنى كېيىن قايتۇرۇۋېلىشى ياكى تېپىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن بەزى قىممەتلىك نەرسىلەر باركى، بۇ قول-ئىلكىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇنى قايتىدىن قولغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىپپەت-نومۇستۇر. بىز بەندىلەرنى ئىپپەت-نومۇسلۇق، ھايالىق بولۇشقا چاقىرغان رەببىمىز مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

«مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە

يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.» (نۇر سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئىپپەت ـ نۇمۇسنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ھەدىس ـ شەرىفتە تىلغا ئالغان:

«ئىماننىڭ يەتمىش نەچچە شېخى بار. ئەڭ ئۈستىدىكىسى «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق!» دېيىش. ئەڭ تۆۋەندىكىسى بولسا، يولدىكى نەرسىلەرنى (كىشىنى بىئارام قىلىدىغان نەرسىلەرنى) ئېلىۋېتىش. ھايا ئىماننىڭ بىر قىسمى.» (مۇسلىم، «ئىمان»، 58)



بېشىمنىڭ تاجى

# هايا ئىماندىندۇر

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇكىسى بەك يۈزى تۆۋەن، خىجىلچان بولغاچقا ئۇنى ئەدەبلەۋاتاتتى:

- بۇ خۇيۇڭنى ئەمدى تاشلا (يۈزۈڭ قېلىنراق بولسۇن)! - دەۋاتاتتى.

ئىنىسىنى يۈزى تۆۋەن، خىجىلچانلىقتىن قۇتقۇزماقچى بولغان بۇ ئاكىنىڭ سۆزىگە پەيغەمبىرىمىز قۇشۇق سالدى:

- ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىن، چۈنكى هايالىق بولۇش ئىماننىڭ بىر قىسمى. (بۇخارى، «ئىمان»، 16)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپپەت-نۇمۇس، هايا بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولغان كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۆلچەملەرنى بىزگە بىلدۈرگەن:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاچىسى ئەسمانىڭ نىپىز كۆينەك كىيگەنلىكىنى كۆرۈپلا، دەرھال ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئەپقاچقان، ئۇنىڭغا ئۇدۇل قارىمىغان. ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

- ئەي ئەسما، بالاغەتكە يەتكەن خانىم قىزلارنىڭ يۈزى ۋە قولىدىن باشقا يېرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈشى توغرا ئەمەس! (ئەبۇ داۋۇد، «لىباس»، 31/4103)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. تاغىسى ھەزرىتى


ئابباسنىڭ چوڭ ئوغلى فازل بىلەن بىللە بىر تۆگىگە مىنگەن ئىدى. مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتىۋاتقان چاغدا يەمەنلىك بىر ياش ئايال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، دادام بەك قېرىپ كەتتى. ھەج، ئۆمرىگە بارغۇدەك، سەپەرگە چىقالىغۇدەك ھالى يوق. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ھەج قىلسام بولامدۇ؟

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ئۇنداقتا سەن داداڭنىڭ ئورنىدا ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلساڭ بولىدۇ.

بۇ خانىم ساھابە پەيغەمبىرىمىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاۋاتقاندا فازل ئىبنى ئابباس بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى-دە، بىر-بىرىگە قاراشقا باشلىدى. بۇنى سەزگەن پەيغەمبىرىمىز مۇبارەك قولى بىلەن فازلنىڭ بېشىنى تۇتۇپ باشقا تەرەپكە قارىتىپ قويدى. (ئەبۇ داۋۇد، «مەناسىق»، 25)



## چوغدەك يۈرەك

ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغان پاتىھ سۇلتان مەھمەت خان پۈتكۈل ۋىزانتىيە ئاھالىسىگە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىپلا قالماستىن، ۋىزانتىيە زىندانلىرىدا ياتقان بىگۇناھ مەھكۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتتى. زىنداندىن قۇتۇلغانلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر خىرىستىئان ئالىم پوپ بار ئىدى. فاتىھ سۇلتان ئۇلاردىن:

- سىلەر نېمە ئۈچۈن زىندانغا مەھكۇم بولدۇڭلار؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بىزلەر ۋىزانتىيەدىكى داڭلىق پوپلاردىن ئىدۇق. پادىشاھ زۇلۇم ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاگاھلاندۇردۇق. بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ئاقىۋىتىڭىز ئېچىنىشلىق بولىدۇ دېدۇق. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ بىزنى زىندانغا تاشلىدى. - دېدى.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى سۇلتاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. سۇلتان ئۇلارغا ئوسمانلى زېمىنىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ شۇنداق تەكشۈرۈپ بېقىشنى، تەپتىش قىلىشنى ئېيتتى. پوپلارغا لازىملىق ئىجازەتنامىلەر بېرىلدى. بۇ ئىجازەتنامە، يەنى رۇخسەتنامە بىلەن ئۇلار ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ كۆردى، كۆزەتتى. تىجارەتچى، سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى. قازىخانىلاردا يۈرگۈزۈلگەن ئادالەتكە قاتتىق ھەيران بولدى. تىجارەتچىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا خالىسانە ياردەم ۋە شەرىئەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىدىغان مەھكىمە، يەنى قازىخانىلاردىكى ئادىل قانۇن، ئادالەت قاتارلىقلارغا قاتتىق ھەيران بولدى. پوپلار ئوسمانلى خەلقىنىڭ ئەخلاقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. بۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر كۈنى كەچتە قىزلىرىنى بىر

مەدرىسكە ئەۋەتتى. قىزلار ئىشىكنى ئاچقان يىگىتلەرگە يالۋۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، يولدا ئېزىقىپ قالدۇق. بىز بۇ كېچە بۇ يەردە قالغان



بولساق. ھەقىقەتەن باشقا ئامالىمىز يوق، بىزگە ياردەم قىلغان بولساڭلار.

تالىپ يىگىتلەر بۇ ئىككى بىچارە قىزنى كوچىدا تاشلاپ قويۇشنى راۋا كۆرمەي، ئۇلارنى ياتاققا باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئۇخلايدىغان يېرىنى بۇ ئىككى قىزغا بەرگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا بىر پەردە تارتتى-دە، ئۆزلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۇچاقتىكى چوغنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ ئاتقاندا قىزلار ئورنىدىن تۇرۇپ مەدرىستىن چىقىپ كەتتى. پوپلار كېچىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلىشكە بەكلا قىزىقىۋاتاتتى. قىزلار بولغان ئەھۋالنى يىپتىن-يىڭنىسىگىچە دادىسىغا بايان قىلىشتى:

- ئۇلار ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ياتىقىنى بىزگە بوشىتىپ بېرىشتى. ئۆزلىرى ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇچاقتىكى چوغنىڭ يېنىدا تاڭ ئاتقۇزۇشتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشكىنىنى ئاڭلىدۇق: "رەببىمىز بىزنى جەھەننەم ئوتىنىڭ ئازابىدىن ساقلىسۇن. بىزنى گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!" ئۇ تالىپ يىگىتلەر بىزگە كۆز-قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى.



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# ئىپپەت-نومۇس ۋە ئىستىقلالنى قوغداش كۈرىشى

ۋاقىت: 1910-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى جۈمە ئىدى. ئاناتولىيەنىڭ شىبھەت قانلىرى بىلەن سۇغىرىلغان مۇنبەت تۇپراقلىرى دۈشمەنىنىڭ تاپىنى ئاستىدا چەيلەنمەكتە. فرانسىيە قوشۇنلىرى ماراش ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغىلى ئىككى كۈن بولغان ئىدى. فرانسوز ۋە ئەرمەنىي ئەسكەرلىرى ئەتراپنى چارلاپ يۈرەتتى. بۇ پەيتتە يولدىن ئۆتكەن تۈركلەرنى ھەر خىل ھاقارەت، سەت گەپلەر بىلەن ئازارلاۋاتاتتى. شەھەردە قالايمىقانچىلىق ۋە بۇرۇختۇم كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بىر تۈركۈم ئىشغالچى ئەسكەرلەر بىلەن



ئەرمەنىي لۈكچەكلەر شەھەرنى قالايمىقان قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۈزۈنئولۇق كوچىسىدىن قارارگاھىغا قايتىشقا تەمشەلدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئۈزۈنئولۇق تارىخىي ھامامىدىن ھىجاپلانغان ئىككى مۇسۇلمان ئايالنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەسكەرلەر بۇ ئىككى ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بۇ يەر ئەمدى تۈركلەرنىڭ ئەمەس. بۇندىن كېيىن بۇ يەردە بۇنداق كىيىم بىلەن يۈرۈشكە بولمايدۇ! - دەپ ئاياللارنىڭ كىيىمىگە قول ئۇزاتماقچى بولدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چاقماقچى سەئىد ئىسىملىك بىر يىگىت دەرھال ”قولۇڭنى تارت!‘ دەپ ئىشغالچى ئەسكەرلەرنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىقىغا قارشى چىقماقچى بولدى. لېكىن شەرمەندە دۈشمەنلەرنىڭ مىلتىقىدىن چىققان ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلاندى. دەل بۇ چاغدا ھامامنىڭ ئۇدۇلىدىكى دۇكاندا تۇرغان سۈتچى ئىمام بۇ يىگىتنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كېلىپ، ئەسكەرلەرگە قارىتىپ تاپانچىسىنى چىقىرىپ:

- بۇ يەردىن دەرھال يوقۇلۇش دىنسىز كاپىرلار! سەنلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭ ئەمدى چىدىغۇسىز ھالغا كەلدى. - دەپ، ئۇلارغا ئوق چىقاردى. ئىشغالچى ئەسكەرلەردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككىسىنى ئېغىر يارىدار قىلدى. بۇ ئۈممەتنىڭ ئىپپەت-نومۇسى بىلەن ئويناشقانلارغا ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويىدى.

ئىپپەت-نومۇسنى بۇلغاشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرگە قارىتىلغان بۇ قارشىلىق ھەرىكىتى ئىستىقلال كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ ۋەقە بىلەن تەڭ پۈتكۈل ماراش خەلقى ئورنىدىن قوزغۇلۇپ، ئىشغالچىلارنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقاردى.

قۇلىقىمدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

ھايا بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر. بىزلەر "بىر قىز بالىدىنمۇ بەك ھايالىق بىر پەيغەمبەر"نىڭ ئۈممىتى بولۇش



سۈپىتىمىز بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى يەرگە قارىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكتىن، ئىپپەتسىزلىكتىن يىراق تۇرمىساق، ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان بىز مۆمىنلەر ئاللاھتىن خىجىل بولمامدىمىز؟ ئاللاھۇتائالا مۇنداق دەيدۇ:

"ناماز ھەقىقەتەن ئىنساننى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى نامازدا زىكىر قىلىش ئەلۋەتتە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ." (ئەنكەبۇت سۈرىسى 45-ئايەت)

ئۆزىمىزنىڭ ئىپپەت-نومۇسىمىزنى قانداق قوغدىغان بولساق، مۆمىن قېرىنداشلىرىمىز بۇ جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

"بىر مۇسۇلمان بىراۋنىڭ ئىپپەت-نومۇسى دەپسەندە قىلىنغاندا ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسا، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ھاجەتمەن بولغاندا ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ." (ئەبۇ داۋۇد، "ئەدەب"، 36/4884)



شۈبھىسىزكى، ئاللاھ، پەرىشتىلەر، ئاسمان-زېمىندىكىلەر، ھەتتا ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلە، بېلىقلارمۇ ئىنسانلارغا ياخشىلىق، گۈزەللىك ئۆگەتكۈچىلەرگە دۇئا قىلىدۇ.

(تىرمىزى، "ئىلىم"، 19)



# ئىلىمگە ۋە ئالىملارغا ھۆرمەت قىلىدۇ

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## بىلگەنلەر ۋە بىلمىگەنلەر

ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئايالغا پەرزدۇر. بۇ سەۋەبتىن رەببىمىز قۇرئانى-كەرىمدە: "بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟" (زۇمەر سۈرىسى 9-ئايەت) دېگەن. ئىلىم ئەھلى كىشىلەرنىڭ بەندىچىلىك قىلىش سەۋىيىسمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئاللاھتائالا بىلىملىك بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان: "ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەقەت ئالىملارلا ئاللاھتىن لايىقىدا قورقىدۇ." (فاتىر سۈرىسى 28-ئايەت)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

- پەقەت شۇ ئىككى خىل كىشىگە ھەۋەس قىلىشقا بولىدۇ:

بىرى، ئاللاھ بەرگەن مال-مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا خەجلىگەن كىشى. يەنە بىرى ئاللاھ بەرگەن ئىلىم بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلغۇچى، بۇ ئىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتكۈچى كىشى. (بۇخارى، "ئىلىم"، 15)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇشبۇ ھەدىس شەرىفتە بايان قىلغان:

- ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان كىشى ئۆيىگە قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئاللاھ يولىدا ماڭغان بولىدۇ. (تىرمىزى، "ئىلىم"، 2)

- دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ قىممىتى يوق. پەقەتلا ئاللاھنى زىكىر

قىلىشقا، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئىلىم ئۆگەتكۈچى ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغۇچى ئوقۇغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئىبنى ماجە، "زۇھد"، 3)



بېشىمنىڭ تاجى

## جەننەت يولى

سەفۋان ئىبنى ئاۋسال بىر كۈنى مەدىنىدە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:



ـ ئەي رەسۇلۇللاھ، مەن سەندىن ئىلىم ئۆگەنگىلى كەلدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇنداق دەپ كۈتىۋالدى:

ـ خوش كەپسەن، ئىلىم يولۇچىسى! پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنى ياقتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قانىتىنى ئاچىدۇ.

ئەبۇ دەردا ھەزرەتلىرى بىر كۈنى دەمەشىق (شام) مەسجىدىدە ئولتۇراتتى. بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى:

ـ كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. مەن مەدىنىدىن شۇ ھەدىسنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغىلى كەلدىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ يەرگە بىر ئىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ياكى تىجارەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ـ دەپ قايتا قايتا سورىدى.

مەدىنىدىن كەلگەن كىشىنىڭ پەقەتلا ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگىنىدە ناھايىتى خوش بولدى. بۇ ئىلىم يولۇچىسىغا ئۇنىڭ ئىلىم سەپىرىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەردى:

"كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن يولغا چىقسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا جەننەت يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنى ياقتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قانات ئاچىدۇ. ئاسمان ـ زېمىندىكى مەۋجۇداتلار، ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ ئالىملارنىڭ مەغپىرەت (ئەپۇ) قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھتائالاغا يالۋۇرىدۇ. بىر ئالىمنىڭ بىر ئابىدتىن

(پەقەتلا ئىبادەت قىلىپ ئۆتىدىغان كىشىدىن) ئۈستۈنلىكى خۇددى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن پارلاقلىقى، ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشايدۇ. ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن-كۈمۈش ئەمەس، پەقەتلا ئىلىمنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان. شۇڭا بۇ ئىلىم مىراسىغا ئىگە بولغان كىشى بەكلا ئامەتلىك، بەخت-تەلەيلىك كىشى بولىدۇ.“ (ئەبۇ داۋۇد، ”ئىلىم“، 1)



كۆڭلۈمدىكى ئىز

## ئالىملارنىڭ سۇلتانى

ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغان فاتىھ سۇلتان مەھمەت خاننىڭ نامى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇنياغا داڭ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فاتىھ سۇلتاننىڭ ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغانلىقىمۇ ھەر تەرەپكە ئاڭلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىستانبۇل دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولىدۇ. قاراقويۇنلۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئۇزۇن ھەسەن بۇ جەھەتتە فاتىھ سۇلتان بىلەن بەسلەشمەكچى بولىدۇ. ”ئالىملارنى بىزچىلىك ھۆرمەتلەمدۇ-يوق؟ قېنى قاراپ باقايلى“ دېگەن ئۇزۇن ھەسەن سۇلتان فاتىھنىڭ ئىلىم ئەھلىگە بولغان ھۆرمىتىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ. شۇ دەۋردىكى ئاسترونومىيە (ئىلمى نۇجۇم) ۋە ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىم ئەلى قۇشچىنى ئوسمانلى دۆلىتىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. فاتىھ سۇلتاننىڭ بۇ چوڭ ئالىم ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئەلى قۇشچىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. بۇنداقتا ئۇزۇن ھەسەن ئۆزىنىڭ فاتىھ سۇلتان مەھمەتتىنمۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى، ئالىملارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئاۋامغا ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولاتتى. ئەلى قۇشچى ئۇستاز نۇرغۇن كىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئەلچىسى بولۇپ يولغا چىقىدۇ. نەچچە ھەپتە سەپەر قىلغاندىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئەلى قۇشچى تۇنجى قەدەم

باسقان ئوسمانلى شەھىردە دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا سۇلتان فاتىھنىڭ ئالدىغا كەلگەن خەۋەرچى، پادىشاھقا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

- شەۋكەتلىك سۇلتانىم! ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى بولغان ئەلى قۇشچى ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىستانبۇلغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. يېنىدا خېلى كۆپ ھەمراھلىرى باركەن. تۈنۈگۈن ئوسمانلى چېگرىسىدىن كىرىپتۇ. بۈگۈن پالانى شەھەردە دەم ئېلىۋاتىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان سۇلتان فاتىھ دەرھال مۇنداق بۇيرۇق بېرىدۇ:

- ئەلى قۇشچى قايسى شەھەرگە كىرسە ھەر شەھەردە ئۇنىڭغا مىڭ ئالتۇن ئىنئام



قىلىنسۇن! ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىززەت-ئىكرام، ھۆرمەت كۆرسىتىلسۇن!

ئەلى قۇشچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىستانبۇلنىڭ ئۇسكۇدار رايونىغا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا توختاپ ئۆتكەن ھەر شەھەردە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭغا ھەر ۋىلايەتتە ئىچىگە مىڭ ئالتۇن قويۇلغان بىر ھەميان ھەدىيە قىلىنىدۇ. ئۇسكۇدارغا يېتىپ كەلگەندە نەچچە يۈز كىشىلىك ئالىملار جامائىتى ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرىدۇ. سۇلتان فاتىھ ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇستازى ئەھمەد پاشا ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئەلى قۇشچىنىڭ كەلگەنلىكى ھۆرمىتىگە ئاخشىمى خان ئوردىسىدا كاتتا زىياپەت بېرىلىدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەت سۆھبەت جەريانىدا ئەلى قۇشچىدىن مۇنداق سورايدۇ:

- قىممەتلىك ئۇستازىم ئەھمەد پاشا قانداقراقكەن؟

ئەلى قۇشچى ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى تىلغا ئالماي، مۇنداق دىپلوماتىكچە جاۋاب بېرىدۇ:

- ئىران دۆلىتىدە ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىدە تەڭدىشى يوق.

بۇ جاۋابتىكى سىياسىي چاخچاقنى چۈشەنگەن سۇلتان فاتىھ مەھمەت تەبەسسۇم بىلەن كۈلگەندىن كېيىن ئۇدۇلىدىكى بۇ ئالىمنى رەنجىتمىگەن ھالدا مۇنداق مەنىلىك جاۋاب بېرىدۇ:

- ئەھمەد پاشا كەبى قىممەتلىك ئۇستاز سىزنىڭ دۆلىتىڭىز موڭغۇل مەملىكىتىدىمۇ يوق. چۈنكى ھازىر سىزدەك قىممەتلىك بىر ئالىم بىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋە ئوردىمىزدا تۇرۇۋاتىسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان سۇلتان فاتىھ كەبى بىر كاتتا پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىق جاۋابى ئەلى قۇشچىنى كۆپ خۇرسەن قىلدۇ.

سۇلتان فاتىھ سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردۇ:

- ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، سىزگىمۇ مەلۇملۇق، سىز توختاپ ئۆتكەن ھەر شەھەردە سىزگە ئىكرام قىلىنغان سوۋغاتلار سىزنىڭ شەخسىيىتىڭىزگە بولغان ھۆرمەتتىن ئەمەس، بەلكى بىلىمىڭىزگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيۋاتىمەن. بىزنى ئەپۇ قىلىڭ. سىزگە بېرىلگەن ئالتۇنلارنىڭ ھالال ئىكەنلىكىدىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ!



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

## مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟

ھەسەن بەسرى چانتاي مۇئەللىم مەرھۇم مەھمەت ئاكىف (1873ـ1936) ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

مەھمەت ئاكىف بەزىدە مۇئەللىملەرگە تىل ئۈزىتاتتى. بىر كۈنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق گەپتىن گەپ چىقىپ مۇئەللىملەر ھەققىدە توختاپ قالدۇق. مۇئەللىملەرگە كەسكىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بەزى گەپلىرى توغرا ئىدى. ئەمما يەنە بەزى ئاشقۇن، رادىكال سۆزلىرىگە رەددىيە بەرمەكچى بولدۇم. مۇنازىرە ئۇزىراپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

ـ مۇئەللىم، سىزدە ئىمام غەززالىي يازغان ”ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن“ ناملىق كىتاب بارمۇ؟

ـ بار! ـ دېدىم. بىرىنچى قىسمىنى ئەكىلىشىمنى ئېيتتى. ئىلىم ھەققىدىكى بابنى ئاچتى، بەزى مەزمۇنلارنى ئۈنلۈك ئوقىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ـ ئىنسان ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى، مەسىلەن: تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرزى كۇپايىمۇ؟

ـ شۇنداق! ـ دېدىم.

ـ تىبابەتكە چېتىشلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشمۇ پەرزى كۇپايە بولامدۇ؟

- شۇنداق!

- ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر، ھۈنەر-سەنئەت، مەسلەن، نەققاشلىق، كېگىزچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ۋە كېگىز، گىلەم توقۇش پەرزى كۇپايىمۇ؟

- ھەئە، شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىمام غەززالىي شۇنداق دېگەن.



ـ ئۇنداقتا دۆلەت مۇداپىئە قۇراللىرى، مەسلەن، بومبا ياساش ئىلمى، بۇ ئىلمىنىڭ ئاساسى بولغان ئالىي ماتېماتىكا، فىزىكا، خېمىيە، ماشىنىسازلىق بىلىملىرى ئۆگىنىشمۇ پەرزى كۇپايىمۇ؟

ـ شۇنداق!

ـ سىزنىڭ كەسپىڭىز بولغان ئاسترونومىيەگە ئاساس بولغان ئىلىملەرنى پەرزى كۇپايە دەمسىز؟

ـ شۇنداق دەيمەن.

ـ پەرزى كۇپايە دېگەننىڭ مەنىسى بۇنىڭغا ئېھتىياج بار بولغان ئەھۋالدا ھەممەيلەنگە پەرز بولغان دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

ـ شۇنداق!

ـ ئۇنداقتا، دىنىي بىلىملەرنىڭ ئېھتىياجدىن ئارتۇقى، يەنى دىنىي ئالىم بولۇش پەرزى كۇپايە ئەمەسمۇ؟

ـ ھەئە، شۇنداق!

ـ ئۇنداقتا، نەچچە يۈز دىنىي ئالىم بار بولغان يۇرتىمىزدا بىر دوختۇر يوق شارائىتتا بىر دوختۇر تەربىيلەش پەرز ئەيىن بولغان زاماندا نېمىشقا مەدرىسلەر بۇ پەرزنى ئادا قىلمايدۇ؟ ئەگەر ئالىملار بۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي ئەمرلەرگە قۇلاق سالغان بولسا، بىز بۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولارمىدۇق؟ مۇسۇلمانلار ئاجىزلىشىپ كېتەرمىدى؟ ھازىرقى ۋەزىيەت شۇ پەرزى ئەيىن، پەرزى كۇپايە بولغان ئىلىملەرنى

ئۆگىنىشكە دىققەت قىلمىغانلىقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ؟!
غەززالىينىڭ سۆزلىرىگە نېمىشقا قۇلاق ئاسمىدۇق؟

- توغرا! - دەپ جىم تۇردۇم. چۈنكى دېگەنلىرى ھەممىسى توغرا ئىدى.

(ھەسەن بەسرى چانتاي، "ئاكىفنامە"، 250 - بەت)



قۇلىقىمدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۇممىتى

بەدىردە ئەسىرگە چۈشكەن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى مۇسۇلمان باللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش بەدىلىگە ئازاد قىلىپ قويۇۋەتكەن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى بىز. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ئىكەن، بىز ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەردۇق؟ قۇرئانى-كەرىمدە رەببىمىز بىزگە ئۆگەتكەن "ئېيتقىنكى، ئەي رەببىم، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!" (تاھا سۈرىسى 114-ئايەت)نى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قانچىلىك ئەمىلىيەتكە ئايلاندۇرالىدۇق؟ ئىشلەپ جان باقمىسام بولمايدۇ دەپ ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقماي قالدىمۇ؟ ئۇنداقتا بۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭ:



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا بىر جۈپ ئاكا-ئۇكا بار ئىدى. بىرى داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئىلىم ئۆگىنەتتى. يەنە بىرى ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلەيتتى. بىر كۈنى، ئىشلەيدىغان ئاكىسى ئىلىمگە ھېرىسمەن ئۇكىسىنىڭ ئۈستىدىن

پەيغەمبىرىمىزگە شىكايەت قىلدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۇكام ماڭا پەقەت ياردەملەشمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- بەلكىم سەن ئۇكاڭ تۈپەيلى ئىش تېپىپ، رىزىقلاندۇرۇلىۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن.

(تىرمىزى، "زۇھد"، 33)

سىزمۇ خالىسىڭىز رىزقىڭىزنى ئىلىم ئەھلى قېرىندىشىڭىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىزدەپ بېقىڭ.

